
سىدىق ھەسەن    ئەسقەر ھوشۇر

# تارىخىي يۇرت

# ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئاپتور سىدىق ھەسەن ئەپەندى

( تەپسىلى تەرجىمھالى كىتاپ ئىچىدە )

**图书在版编目(CIP)数据**

阿湖和阿湖人/斯迪克·艾山,艾斯卡尔·吾守尔编著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002
ISBN 7-228-06931-5

Ⅰ.阿… Ⅱ.①斯…②艾… Ⅲ.乡镇—概况—阿图什市—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K 924.55

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 096676 号

责任编辑:巴力江,热娜·阿布来提
责任校对:阿孜古丽·克里木
封面设计:努尔买买提·吾买尔

**阿湖和阿湖人** (维吾尔文)
斯迪克·艾山
艾斯卡尔·吾守尔 编著

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.375 印张 24 插页
2002 年 3 月第 1 版 2002 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 3000

---

ISBN 7—228—06931—5/K·981 定价:15.00 元



ئابلىز قارى



ئەيسا ئەپەندى



ئابلا ئەپەندى



سىدىق ئەپەندى



يولداش يۇسۇپ



رەجەپ تاجى



توختى مالتاجى



ئىبراھىم خالۋاي



ھەسەنجان ھاشىم



ئابدۇقادىر ساۋۇت



ئابباس قۇربان



موللامۇسا ھاجىم



بەختی روزی ۋە تۇنسا توختی پەرزەنتلىرى پەرھات قاتارلىقلار بىلەن



مۇلۇك هاجى



قۇربان بارات



ئابدۇرېھم دوختۇر



ئابدۇقادر ئىمن رۇسىيىلىك كەسپداشلىرى بىلەن



ئابدۇقەيۇم تاھىر



مۇھەممەت نۇر



ئىمام نامەت



ھاكىم ئۆمەر



سىيت سدىق



قادىر مۇھەممەت



سالمان ئابدۇرېھىم



سىيىت سوپى ۋە ئايالى زەينەپ خانىم



ئۆمەر روزى



مەخسۇم مۇھەممەت



كۈرەش رەجەپ



يالقۇن روزى



ئوسمان ئابدۇۋايىت كەسپىدىشى ئابلىكىم كەلكۈن بىلەن




ئېلاخۇن قۇربانوف



شۆھرەت دوختۇر




ئۆتكۈر ئېلى



ياسىن ئۆمەر



توختىخان ئەمەت



خېلىل تاجى



ئابلىز رازاق



يولداش تاجى



ياسىن مۇھەممەت



ھەجەر ئابدۇقادىر



موللائابلا مېھمان



ئابابەكرى يۈسۈپ



سىدىقجان توختى



ھەبىبۇللا ئەيسا



مۇھەممەت ھاشىم



پاشا ئۆمەر



ئەركىن رەجەپ



جەڭگىۋار ساۋۇت



پاتىمگۈل ئابدۇقادىر



قۇربان هاجى



ئىسمايىل ئابدۇرېھىم



ئابدۇقادىر هامۇت



قايىل قادىر



تۇرسۇناي ئابلىز



تىلىۋالدى قاسىم



مەمتىمىن ئەمەت




ئابدۇرەخىم ئۇسەن



تۇرغۇن سىدىق



سىيت نىياز




ئابلەت سابىروف



ئابلەت ھوشۇر



تىلىۋالدى توختى



تۆرە چوڭ



ئابلىمىت ھەسەن




ئوسمان سامساق



مەمەت ھاجىم



مۇھەممەت سوپى



ئەخمەت ئابدۇرېھىم



رىشت قايىل



توختى ئىمىن



ئىسرائىل سالمان



ئاخۇنجان روزى



ئابدۇكېرەم توختى



روزى نۇر



ئابلىز توختى



تۇرسۇن تاش



رازىق مۇھەممەت



رازىق نۆر



مجىت هامۆت



غوپۆر چولڭ



دىلنۆر تاجى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 1
پېشقەدەم مائارىپچى سىدىق ھەسەننىڭ تەرجىمىھالى ........ 5
يۇرتنى سۆيۇش، ئەجدادلارنى ھۆرمەت قىلىش — ئەۋلادلار-
نىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى ... يولداش يۇسۇپ ......... 8
«ئاغۇ» ئاتالغۇسى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ........... 13
ئاغۇنىڭ دائىرىسى ۋە ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە ............ 16
ئاغۇ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا ئىنسانلار ياشىغان
يۇرت ........................................ 18
ئاغۇنىڭ تارىخىي شەھەر بالاسۇغۇن بىلەن بولغان
باغلىنىشى ..................................... 21
ھازىرقى ئاغۇلۇقلارنىڭ جەمەتلىرى توغرىسىدا ........... 24
ئاغۇدىكى قەدىمىي ئىزلار ....................... 30
ئاغۇدىكى تارىخىي مەنىگە ئىگە يەر - جاي ناملىرى ........ 34
ئاغۇلۇقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ..................... 38
ئاغۇلۇقلارنىڭ ھېيت، مەۋسۇم - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش
ئادەتلىرى ..................................... 44
ئاغۇلۇقلارنىڭ يەرلىك شىۋىسى ........................ 50
ئاغۇنىڭ 1950 - يىلدىن ئىلگىرىكى مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ........ 53
ئاغۇنىڭ 1950 - يىلدىن كېيىنكى مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ........ 57
ئاغۇلۇقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى .................. 61
ئاغۇلۇقلارنىڭ سودا ھاياتىغا بىر نەزەر ................. 64
ئاغۇدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى ............ 71
ئاغۇدىكى مەشھۇر سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرى .......... 78
ئاغۇدا دىنىي مائارىپ ............................ 80

ئاغۇدا يېڭى مائارىپ ...................
ئاغۇدا قۇرۇلغان ئاتىلار ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ يېڭى مائارىپقا ............ 83
قوشقان تۆھپىسى ........................ 93
ئاغۇدا چوڭلار مائارىپى ...................... 95
ئاغۇ مازار مەكتەپتە قۇرۇلغان تىياتىر گۇرۇپپىسى ......... 99
ئاغۇدا ئۆتكەن تونجى مەرىپەت پېشۋالىرى ............... 102
ئاغۇ مائارىپى يېتىشتۇرگەن تۆھپىكارلار ............... 114
رەھبىرىي خادىملار ........................ 114
مائارىپ خادىملىرى ........................ 143
ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى .................. 160
پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى .................. 180
تېببىي خادىملار ........................ 187
ئاغۇدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە
ئىسمائىل ئابدۇرېھىمنىڭ تۆھپىسى .................. 198
ئاغۇ يېزىسىنىڭ ھازىرقى مائارىپ قۇرۇلمىسى ھەققىدە
قىسقىچە ئىزاھات .......................... 210
ئاغۇ يېزىسىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر
توغرىسىدا ................................ 212
ئاغۇنىڭ بۈرۈنقى ۋە ھازىرقى تەۋەلىكى .................. 217
ئاغۇ مائارىپىدا 30 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان
مائارىپچىلار ........................... 218
ئاغۇ يېزىسىدا ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭ ئاددىي
ئارخىپى (1) ........................ 221
ئاغۇ يېزىسىدا ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭ ئاددىي
ئارخىپى (2) ........................ 226
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ...................... 230

# كىرىش سۆز

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ھەربىر ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى بىلىش، جەمئىيەتنى چۈشىنىش قىزغىنلىقى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتىدۇ. ئىلگىرى تارىخ بىلىملىرىگە قىزىقمايدىغان بىر قىسىم ياشلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ، شۇ تۇپراق يېتىشتۈرگەن تۆھپىكار كىشىلەرنىڭ تارىخىنى بىلىشنى، بۇ ھەقتە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي مەجبۇرىيىتى، دەپ تونۇيدىغان بولدى.

ئاغۇ يېزىسى ئۆزىنىڭ بەرپا بولۇش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى، كىشىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، تىرىشچانلىقى، بىلىم - ھېكمەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىلەن يىراق - يېقىنغا تونۇلغان داڭلىق يۇرت. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلار بىلەن باغلانغان تارىخىي ۋەقەلەر، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك پەيدا بولۇش تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ماددىي پاكىتلار، باشقىلارنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدىغان ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىلەر مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاغۇ يېزىسىنىڭ مائارىپقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەر قانچە نامرات بولسىمۇ مائارىپنى نامرات قويمايدىغان مەرىپەتسۆيەر ئېسىل ئەنئەنىسى ئىزچىل تۈردە داۋام قىلىپ كەلگەچكە، بۇ يۇرتتىن تارىختىن بېرى كۆپلىگەن رەھبەرلەر، يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتچىلەر، سودىگەرلەر، ئىلىم- پەن

خادىملىرى، تەرجىمانلار، دوختۇرلار، كارخانىچىلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ، بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. بىر قىسىملىرى دۆلەت ھالقىپ چەت ئەللەردىمۇ تېگىشلىك شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

بىز كىشىلەرنىڭ ئاغۇ يېزىسى ھەققىدىكى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ يۇرتنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا يۇرتنىڭ ئېسىل تارىخىي ئەنئەنىلىرىنى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولغان ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى، يۇرتنىڭ باغرىدا تۆرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق نۇسرەت قازانغان تۆھپىكار كىشىلەرنى، پەننىي مائارىپنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇش، ئانا يۇرتنى قەدىرلەشكە ئۈندەش، شۇ ئاساستا ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە پېشقەدەم مائارىپچى سىدىق ھەسەن بىلەن بىرلىشىپ «تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار» دېگەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتۇق. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاق يىللىق تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەم تارىخىي شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ماتېرىياللارنىڭ چىن ھەم ھەقىقىي بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماتېرىيال ئىگىلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قايسى ئۇرۇندا يۇرتنىڭ تارىخى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە شاھىت بولسا، ئۇلار بىلەن ئىمكانقەدەر سىرداشتۇق. تارىخىي ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆردۇق. بىزنىڭ بۇ كىتابنى روياپقا چىقىرىشىمىزغا نۇرغۇن يولداشلار

كۆكۆل بولۇپ يېقىندىن قوللىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان سىيىت سوپى ئۇرۇمچىدىكى ئاغۇلۇقلارنىڭ ماتېرىيالىنى ئىگىلەشكە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، ئون بەش كۈن بىز بىلەن بىرگە ماتېرىيال ئىگىلەشكە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى يولداش يۇسۇپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابلىز رازاق، تونۇلغان ئوبزورچى يالقۇن روزى، ئىستىداتلىق شائىر قۇربان بارات، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەر روزى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سالمان ئابدۇرېھىم، ئاغۇ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي ئىسرائىل سالمان، يېزا باشلىقى مۇختەر مىجىت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسىدىكى ئوسمان ھوشۇر، ئاغۇ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىكى ھوشۇر قادىر، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى، پېشقەدەم زىيالىي ئارىپ سوپى، ئاغۇ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش دوختۇرى زاھىر ئىسرائىل، يېزىلىق يەر باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى روزاخۇن . . . قاتارلىق يولداشلار ماتېرىيال ئىگىلەش، ماتېرىيال مەنبەسىنى تېپىشتا بىزگە ئالاھىدە ياردەم بەردى. بولۇپمۇ كىتابنىڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە نەشردىن چىقىشىغا يۇرتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىيىت سىدىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەرلىك ياردەم قىلدى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر قايسى جەھەتلەردە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن يولداشلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز .

# پېشقەدەم مائارىپچى سىدىق ھەسەننىڭ تەرجىمىھالى

تۆھپىكار باغۋەن، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي سىدىق ھەسەن 1921 - يىلى 6 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1921 - يىلدىن 1934 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1935 - يىلدىن 1937 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1937 - يىلدىن 1940 - يىلىغىچە ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1942 - يىلدىن 1943 - يىلىغىچە قەشقەر نەزەرباغدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1946 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان.

سىدىق ھەسەننىڭ خىزمەت ھاياتى 1940 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، 1950 - يىلغا قەدەر ئاغۇ مازار مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرى، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلدىن 1953 - يىلىغىچە ئاتۇشنىڭ مەشھەت، سۇنتاغ، ئوگۈزبىرىق قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. سىدىق ھەسەن بۇ جەرياندا، يەنى 1951 - يىلدىن 1953 - يىلىغىچە ئاغۇ، بۇيامەت، ئوگۈزبىرىق، مەشھەتلەردە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1953 - يىلى قەشقەر نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، يەنە يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاغۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1958 -

ھەر قانداق ئادەمنىڭ بىلىمى چەكلىك بولغاچقا، قىلغان بەزى ئىشلىرىدا يېتەرسىزلىكلەردىن، نۇقسانلاردىن تامامەن خالىي بولۇپ كېتىشى تەس. شۇ سەۋەبلىك بىزمۇ بۇ كىتابنى يېزىشتا بەزى تەرەپلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولۇشىمىز، ھەتتا يېزىشقا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلارنى يازماي تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەردىن سەمىمىي كەچۈرۈم سوراش بىلەن بىرگە قايتا ئىزدىنىپ كۆرۈشنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇردۇق.

ئەسقەر ھوشۇر

2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئىگىزغا تارقىلىپ ئومۇملاشماقتا.

سىدىق ھەسەن ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە كىشى بولغاچقا، ھەرۋاقىت يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ، پايدىلىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. كەنت - مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغاندا، ئۇلارنى قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىپ كېلىشتۇرۇپ، ياراشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئاغۇ تەۋەسىدە يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە.

سىدىق ھەسەن ھازىر 80 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاقىتىنى بوش ئۆتكۈزمەي، ھەرۋاقىت يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۆزى ئۇزاق يىل ئىشلىگەن ئاغۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە پات - پات بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن مائارىپ تەرەققىياتى توغرۇلۇق پىكىرلىشىپ تۇرىدۇ. ئىجادىي تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىدۇ.

يىلى سول لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئائىلىسىگە قايتقان. 1979 - يىلىغا كەلگەندە خىزمىتى قايتا ئەمەلىيلىشىپ، ئاغۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان، 1988 - يىلى بۇ ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان.

سىدىق ھەسەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە، كۆپ قېتىم ناھىيە، ئوبلاست، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 17 نەپەر ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، يەنە مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «مەن ئىززەتنى قانداق ئۆزگەرتتىم» دېگەن ماقالىسى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

سىدىق ھەسەن بىر يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تارىخ بىلىمى بىرقەدەر مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخىنى بىرقەدەر پىششىق بىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار» دېگەن بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىدىمۇ 1 - قېتىم قەلەم تەۋرەتكۈچى ئاشۇ زاتتۇر. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، نەچچە ئون يىللىق تارىخىي ئىشلارنى، ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ نەسەبىنى بىرقەدەر تولۇق بايان قىلالايدۇ.

سىدىق ھەسەننىڭ يۇمۇرىستىك لەتىپىلىرى، كۈلكىلىك ھەزىللىرى ھېلىھەم ئاغۇلۇقلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇ بىر قىسىم ھەجۋىي چاقچاقلارنى ئىجاد قىلىپ، يۇرتداشلار ئارىسىدا «قىزىقچى» دەپمۇ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. لەتىپىلىرى ئېغىزدىن -

ئابدۇقادىر ساۋۇت، سىدىق ھەسەن، ھەسەن روزى، سىدىقجان تۇردى، ئابدۇراخمان تاش، سەيدى ئىبراھىم، مەھەممەتخان قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاغۇ، ئاتۇش ۋە باشقا جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ داڭ چىقارغان. ئۇلار ئاغۇلۇقلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئاغۇدا يەنە قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغىمۇ خېلى بۇرۇندىن تارتىپ يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىلگەنلىكتىن، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار تېز ۋاقىت ئىچىدە سەپكە قېتىلىپ، ئاغۇ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلاردىن نىساخان مەمتىلى، ناخان ياسىن، خەلچىخان، تاجىخان، ھەلىمخان ئىسمايىل، شەرۋانە مۇھەممەت قاتارلىقلار بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئايال مائارىپچىلاردۇر.

ئاغۇدىن چىققان تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ئىمىن ھاجىم، مەتقۇۋان ھاجىم، ئەزىز ھاجىم، روزى قارىي پولات قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتىدا، بەزىلىرى ئىلى، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا تۈرلۈك ھالال تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مائارىپنى قوللاش، جەمئىيەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئاغۇ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى جامالباي ئاكا بۇنىڭدىن 70 يىل بۇرۇن كالتا يارنى توسۇپ سۇ ئامبىرى ياساپ (مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ ئاغۇدىلا ئەمەس، بەلكى ئاتۇشتا ياسالغان تۇنجى سۇ ئامبىرى بولۇشى مۇمكىن) ئۇنىڭ سۈيى بىلەن شورلۇقتىن يەر ئېچىپ ئۆزگەرتىپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، «جامالنىڭ جاڭگىلى» دېگەن نامنى قالدۇرغان. داڭلىق ياغاچچى ساۋۇت ئۇستام ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ياغاچتىن جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ياپون ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلغان كۆرۈنۈشىنى

# يۇرتنى سۆيۈش، ئەجدادلارنى ھۆرمەت قىلىش — ئەۋلادلارنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى

«تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى، ئاغۇلۇقلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغان خاسىيەتلىك ئىش.

مەن بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئىشىنىمەنكى، بارلىق ئاغۇلۇقلارمۇ، جۈملىدىن ئاغۇنىڭ تارىخى، مەدەنىي ھاياتىغا قىزىقىدىغانلارمۇ خۇشال بولىدۇ، چۈنكى، بۇ كىتاب بىزنى يۇرتىمىزنى، ئەۋلادلىرىمىزنى، ئەجدادلىرىمىزنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى، بىزگە بۈگۈنكىدەك تۇرمۇش ئۈلىنى تىكلەپ بەرگەن ئەجدادلىرىمىزنى قىزغىن سۆيىدىغان، يۇرتنى تېخىمۇ باي، ئاۋات، پەن - مەدەنىيەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان، گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ.

ئاغۇ شىنجاڭدىكى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغانلىقى تېپىلغان. قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام ئېتىقادىنى تۇنجى بولۇپ مۇشۇ يۇرتتا قوبۇل قىلغان.

ئاغۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى خېلى بۇرۇن شەكىللەنگەن جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يۇرتتىن ئابلىز قارىي، ئەيسا ياسىن، ئابلا قادىر، ھەسەنجان ھاشىم، ئابباس قۇربان،

سامان» دېگەن قوشاقمۇ دەل ئاغۇلۇقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يول راۋان بولمىغان مەزگىللەردىكى تۇرمۇش ۋە سەپەر تەسىراتلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئاغۇنىڭ ھازىرقى شارائىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ باب كېلىپلا قالماستىن، يەنە بۇ يۇرتتا تەبىئىي ساياھەت ئورۇنلىرىمۇ خېلى كۆپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. بەلكىم پات ئارىدا بۇ يۇرت ئاتۇشتىكى مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

ئاغۇلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى بار. مەن بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ئاغۇدا خىزمەت قىلغۇاتقان بىر قىسىم كادىرلارغا: «ئاغۇلۇقلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىدىن بىرى تىرىشچانلىق، يەنە بىرى خۇش پېئىللىق» دېگەنىدىم. ئەمدى بۇنىڭغا «ئۆزگىنى چەتكە قاقمايدىغان، ئۆزىنى يېتىم قىلمايدىغان ئۇيۇشقاق» دېگەن تەرىپنى قوشساق تولۇق بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۆز يۇرتىنى چۈشەنمىگەن، ئەجدادلارنى چۈشەنمىگەن ئادەمنى يۇرتىنى، ۋەتىنىنى سۆيىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر مەن ۋەتەننى سۆيىمەن، يۇرت، ئەجداد دېگەنلەر بىلەن پەرۋايىم پەلەك دېيىشى مۇمكىن. بۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، يۇرتقا بولغان ئېتىقادىنىڭ تولىمۇ زەئىپلىكىنىڭ دەلىلى، خالاس.

ھازىرقى شارائىت ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ ياخشى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىمىز تۈپتىن ياخشىلاندى، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ زور ياخشىلىنىشلار بولدى. بىز جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جياڭ

ياساپ چىققان بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

1950 ـ يىلىدىن كېيىن، ئاغۇ مائارىپى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا خېلىلا تەرەققىي قىلىپ، ئۆز قوينىدا بىر بۆلەك مۇنەۋۋەر، تۆھپىكار ئاغۇ ئوغلانلىرىنى يېتىشتۇردى. ئاغۇدىن يېتىشىپ چىققان ئەختەر سىيىت (ھازىر قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، ئۆتكۈر ئېلى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى) قاتارلىق تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىلار ۋەتىنىمىزنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەرقايسى ساھەلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئالىي رەھبەرلەر، تەتقىقاتچىلار، مائارىپچىلار، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ روناق تېپىۋاتقان تىجارەتچىلەر، كارخانىچىلار، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سانىمۇ نەچچە مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۆز يۇرتى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

ئاغۇ ئۆزگىچە تۇسكە ئىگە گۈزەل يۇرت بولۇپ، بۇ يۇرتقا بارغان مەشھۇر بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئاغۇغا بولغان تەسىراتىنى سۆزلەپ: «بۇ تولىمۇ گۈزەل، مېھرى ئىسسىق، ئادەملىرى مېھماندوست يۇرت ئىكەن» دېگەن. يەنە بىر ئاتا ـ ئانىسى ئاغۇلۇق بولسىمۇ، ئۆزى چەت ئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېتلېرنىڭ ھەربىي قىسمىنى قوغلاپ بېرلىنگە بارغان يۇرتدىشىمىز ماڭا : «مەن تالاي دۆلەتلەرگە بېرىپ، نۇرغۇنلىغان يۇرتلارنى كۆردۈم، لېكىن ئاغۇدەك بۇنداق چىرايلىق، ساپ ھاۋالىق يۇرتنى ئەسلا كۆرمىگەنىدىم» دېگەن تەسىراتىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاغۇ يېزىسى ئاتۇشنىڭ ئاشلىق، ئوتۇن، سامان ماكانى بولۇپ كەلگەن. زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىكى «ئاتۇشنىڭ يولى يامان، توشۇيمىز ئوتۇن،

# ئاغۇ ئاتالغۇسى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

ئاغۇ ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇپ، «ئاغۇ» ئاتالغۇسى بۇ يۇرتنىڭ ھەقىقىي ھەم توغرا نامىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - توم 172 - بېتىدە «ئارغۇ — ئىككى تاغنىڭ ئارىسى، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ ‹ئارغۇ› دېيىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا» دەپ چۈشەندۈرگەن ھەمدە 1 - توم 147 - بەتتە «ئارغۇلادى» دېگەن پېئىلنى «يېرىپ ئۆتتى» دېگەن مەنىگە ئىگە دەپ شەرھلىگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئارغۇ» ئىبارىسىگە بەرگەن بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ھازىرقى ئاغۇ يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاغۇ يېزىسى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىنى «قارا تاغ»، «بوز تاغ» قاتارلىق ئىككى چوڭ تاغ، «چىگىلىك تاغ»، «ئايۋان تاغ» قاتارلىق ئىككى كىچىك تاغ ئوراپ تۇرىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئاغۇ دېگەن نامنى قەدىمكى ئاتىلىشى بويىچە «ئارغۇ» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ ھەم شۇنداق ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ ھازىرقى ئىستېمالدا ئومۇملاشقان ئاتاش ئادىتىگە تازا ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىمۇ «ئارغۇ» دېگەن سۆزنى «ئاغۇ» دەپ تەلەپپۇز

زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاغۇ يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئاغۇنى يەنىمۇ گۈزەل، باي، ئاۋات، ئادەملىرى ئىناق گۈزەل يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

يولداش يۈسۈپ

2001 - يىلى 12 - ئاي، ئۈرۈمچى

نىزاملىرىغا بويسۇنمىغاچقا، پادىشاھ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يامانلىرىدىن بىرقانچە ئەر- ئايالنى ئون ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن شەرق تەرەپكە سۈرگۈن قىلغانىكەن. بۇلار سەپەر قىلىپ ئاغۇغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى سۇنىڭ موللىقىنى، تۇپراقنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، يۇرت كاتتىۋېشىغا ئۆزلىرىنى ماكانلاشتۇرۇپ قويۇش ئىلتىماسىنى سۇنغان ۋە يۇرت كاتتىۋاشلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئاغۇدا ماكانلىشىپ قالغانىكەن. ئون ئۈچ يىل توشقاندا پادىشاھ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەندە، ئۇلار قايتىشقا ئۇنىماي، مەڭگۈلۈك ماكانلىشىپ قالغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يۇرت «ئارغۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلسە كېرەك» دېگەن رىۋايەتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بەلكىم، بۇ رىۋايەت مەلۇم جەھەتتىن تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قايسى پادىشاھلىق مەزگىلىدە يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار يېتەرلىك بولمىغاچقا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بالدۇرلۇق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈنلەي تارىخىي ئاساسىي يوق دەپ ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك، ئىلگىرى «ئارغۇ» نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلىنىڭ بولغانلىقى تارىخىي پاكىت. شۇڭا، تارىخىي پاكىتلارغا ئالاقىدار بولغان بەزى ھادىسىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھازىرقى تىلشۇناسلىقنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا يۇرت نامىنى «ئاغۇ» دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق ئاتاشتۇر.

قىلىدىغانلىقى ھەم ھازىرقى يېزىق تىلىدىمۇ شۇنداق قوللىنىلىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. ناۋادا يەر - جاي ناملىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللىنىۋېرىش توغرا كەلسە، قەشقەرنى «كاشغەر»، ئاتۇشنى «ئارتۇچ» دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاغۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتا، 735 - يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 34 - قۇردىكى «ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ، ئارغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم جەڭ - ئۇرۇش قىلدىم، قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم» دېگەن جۈملىلەر ۋە 759 - يىلى تىكلەنگەن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا «يارىش ۋە ئارغۇلىغ ئارىلىقىدا ...» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ «ئاغۇ» نامىنىڭ بۇرۇندىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر «ئاغۇ» دېگەن نام «ئارغۇ قەبىلىسى» نىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە: «تۈركلەر ئەسلىي يىگىرمە قەبىلىدۇر»، «ئارغۇ» ئاشۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى دەپ كۆرسەتكەن، ھەتتا ئارغۇ دېگەن نامنى «ئارغۇ تىلى، ئارغۇلار، ئارغۇچە، ئارغۇ ئېلى، ئارغۇ» دېگەندەكناملار بىلەن ئۆز ئەسىرىنىڭ نۇرغۇن يېرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاتۇشقا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەندە، «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلگىرى ئارغۇلار ئىسىملىك كەپسىز بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ ئەمىر -

مىڭ مودىن ئارتۇق، ئوتلاق كۆلىمى 1744 مو.

ئاغۇدا تۆت پەسىلنىڭ ئايرىمىسى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۇشۇش ۋاقتى ئۇزۇن، قار ـ يامغۇر ئاز ياغىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 140 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. يېزىنىڭ سۇ مەنبەسى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭگىتاردىن ئېقىپ كېلىدۇ. ئاغۇلۇقلار شۇڭا تەڭگىتارنى «سۇ چىقىش ئاتام» دەپ تەرىپلىشىدۇ. سۇ بۇ ئورۇندىن قىش ۋە يازدا بىرخىل چىقىدۇ. بىراق، ئەتىيازدا ئىككى مىڭ لىتىر، باشقا چاغدا 1700 ~ 1800 لىتىر ئەتراپىدا چىقىدۇ.

سۇ مەنبەسىنىڭ تۇراقلىق ھەم مول بولۇشى سەۋەبلىك ئاغۇ يېزىسىدا ھەر يىلى ئاشلىق زىرائەتلىرى، كۆكتات، مېۋە- چېۋىلەر مول بولىدۇ. ئاغۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن چامغۇر بىلەن گۇرۇچ ئالاھىدە داڭلىق بولۇپ، ئاتۇش بازارلىرىدا ئۆزىنىڭ كوزىرلىقىنى ھەرۋاقىت نامايان قىلىدۇ.

# ئاغۇنىڭ دائىرىسى ۋە ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە

ئاغۇنىڭ دائىرىسى ئىلگىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بىرقانچە قېتىملىق تەۋەلىكىنى قايتا بېكىتىش خىزمىتى جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە كىچىكلەش بولدى. 1945 - يىلىدىن ئىلگىرى ئاغۇنىڭ شەرق تەرىپى ئايۋان تاغ بىلەن، شىمال تەرىپى تەڭگىتارنىڭ ئاغزى بىلەن، غەرب تەرىپى توسقاندىن تاشپۇشقىنىڭ ئالدىدىكى ساي بىلەن، جەنۇب تەرىپى بەڭگىنىڭ جىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ پاپا تۆشۈك بىلەن چېگرىلەنگەن.

1992 - يىلى ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر تەۋەسىدىكى يېزىلارنىڭ تەۋەلىكىنى مەمۇريي جەھەتتىن قايتا بېكىتىپ چىققاندا، ئاغۇ يېزىسىنىڭ شەرق قىسمى موتۇلدىن داۋزىغىچە، شىمال تەرىپى شوتا، كۆكبەلدىن شورىبۇلاق، مېھمانقوزنىڭ ئۈستى تەرىپىگىچە، تۆگە تاغنىڭ ئۈستىنى پاسىل قىلىپ توسقانغىچە، غەرب تەرىپى توسقاندىن كۆۋرۈك جىلغىسى، چىگىلىك ئاغزى سېسىق بۇلاقچە، جەنۇب تەرىپى سېسىق بۇلاقتىن قۇرۇق بوغازنى بويلاپ بوزتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىنى ئاساس قىلىپ بوغاز چوڭ كۆۋرۈكىدىن ئۇرۇمچى— قەشقەر تاشيولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى تاكى باچاڭ چوڭ كۆۋرۈكىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بېكىتكەن.

ئاغۇ يېزىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس بولۇپ، ھازىرقى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 21 مىڭ مو، ئورمان كۆلىمى 10

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئاز دېگەندە ئوتتۇز مىڭ يىل بۇرۇنلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى پارچىلىرى تېپىلغان ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئاننىڭ 75.0.5، شىمالىي پاراللېلنىڭ 46—39.44 لىگە توغرا كېلىدۇ. باش سۆڭەك تېپىلغان ئورۇننىڭ كەسمىسى يەتتە قەۋەت بولۇپ، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ئۇنىڭ 6 - قەۋىتىدىن تېپىلغان. بۇ ئورۇندا قايتىدىن تەكشۈرۈش، ئىزدەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قېپقالغان باشقا پارچىلىرىمۇ تېپىلدى. 1983 - يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ مۇزېيىدا ئۇنىڭ ماڭلاي سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى، كېپىنەك سۆڭىكى قاتارلىق يەتتە پارچىسى ساقلانماقتا. بۇ سۆڭەكلەر قوراشتۇرۇلسا بىر پۈتۈن ئادەم بېشىنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇ تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىكى ئاتاقلىق ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ۋە ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى جەھەتلەردە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى، دەپ قارىغان.

باش سۆڭەك تېپىلغان ئورۇندىن يەنە بىر پارچە 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمكى ھايۋانات (كەركىدان بولۇشى مۇمكىن) نىڭ تاغاق سۆڭىكى تېپىلدى. بۇلار داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئاتۇش ئادىمى» توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «ئاتۇشتىن تېپىلغان 20 ~ 30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاشقا ئايلانغان ئادەم كاللىسى ئەجدادسىز ۋە ئەۋلادسىز يەككە - يېگانە نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يۇرتنا ئۇيغۇر - ئارىئان

# ئاغۇ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا ئىنسانلار ياشىغان يۇرت

شىنجاڭدا يېقىنقى زامانلارغىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخي پائالىيەتلىرى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا تارىخي ماتېرىياللار كەم ئىدى. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن تارىخي ئەپسانە رىۋايەتلەر ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ھەرقېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندا، ئۇ ئەپسانە- رىۋايەتلەرگە بىر قېتىم چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، يېڭى مەسلەككە لايىقلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلاردا دەۋر ئۇقۇملىرى قالمىغانىدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى تۇرار جاي ئىزلىرى، شەھەر — قەلئە خارابىلىرى ۋە قەبرە - يالدامىلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتنىك ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە قەدىمكى پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى 1982 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدىكى «قارا يار» دىن تېپىلغان «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى بولۇپ، ئىلمىي ئارخېئولوگلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇز مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن، بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

# ئاغۇنىڭ تارىخىي شەھەر بالاساغۇن بىلەن بولغان باغلىنىشى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەختى — بالاساغۇن شەھىرى ھەققىدە تارىختىن بىرى تالاش - تارتىشلار تۇگىمىگەچكە، ھازىرغا قەدەر بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگەن قاراشلار تىكلەنمىدى. بەزى تارىخچىلار «بالاساغۇن ئاتۇشتا» دىسە، يەنە بەزى تارىخچىلار «بالاساغۇن توقماقتا»، «بالاساغۇن باشقا يەردە» دىگەندەك قاراشلاردا چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

بىز بالاساغۇننىڭ ئورنى ھەققىدىكى دەتالاشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ھەرخىل مەنبەلەرنى ۋاراقلاپ كۆرەيلى.

«سۇتۇق باتۇر تاغا بىلەن ئاتلىق ئاستىن ئاتۇشتىن ئارغۇ تەرەپكە — تاغ ئاغزىغا قاراپ سايلىقتا كېتىپ باراتتى. ئەتىيازنىڭ يېقىملىق سالقىنى باتۇر تاغىنىڭ ساقاللىرىنى سىيلاپ ئۆتمەكتە ...»[1].

قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى، بىرىنچى قىسمى قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قىسمى بولۇپ، «خاقانىيە ئۆلكىسى، دەپ ئاتىلاتتى»[2].

«قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق تېكىن 932 - يىلى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆز نامىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئابدۇكېرىم دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ

---

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانىنىڭ 50 - بېتىگە قاراڭ.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 219 - بەت.

ساكلىرى، ئاغۇ - ياغما قەبىلىلىرى ئۇزاقتىن بېرى ياشاپ ئوخشىمىغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قاتلىمى قالدۇرغان»① بۇنىڭدىن، تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەكنىڭ تارىختىن ئاغۇدا ئوتتۇ مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئەجدادلارنىڭ ياشىغانلىقىنى، بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئاغۇدىن تېپىلغان بۇ «ئەڭگۈشتەر» بىزنى مول تارىخىي ئاساس ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، تارىخىي مەنبەلەرنى قايتىدىن قېزىپ تەكشۈرۈشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتىگ ئىگە قىلدى.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» نىڭ 1995 - يىلى 4 - سانىدىكى «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

تۇراتتى. تالاس قەلئەسى بۇ خانىدانلىقنىڭ قوشۇمچە پايتەختى ئىدى. بۇ يەردە خاقانىنىڭ ئورۇنباسارلىرى، يەنى بۇغراخان تۇراتتى» دېگەنلەرنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىن بالاساغۇننىڭ بىر مەھەل قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەڭ ئاساسلىق ھاكىمىيەت مەركىزى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولسا، يەنە شۇ كىتابتىكى «دېھقانچىلىق رايونىدىكى بايلىقنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن، قاراخانىيلار خانلىقى ئاخىر ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى بالاساغۇندىن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەرگە كۆچۈردى. قەشقەرگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ رايون بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى» دېگەن بايانلىرىدىن بالاساغۇننىڭ مۇھىم ئورنىنىڭ كۇنسايىن ئاجىزلاپ خاراپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى، تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى تۈزۈپ 1974 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىگە دائىر ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى قىسىم 59 - بېتىدە «بالاساغۇن كونا شەھىرى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونىدا» دەپ ئىزاھلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى 77 ئورۇن قاتارىدا كۆرسىتىلگەن. ئاتۇش شەھىرىنىڭ 4 - رايونىنىڭ ئاغزى يېزىسى ئىكەنلىكىدىنمۇ بالاساغۇننىڭ ئاغۇدا ئىكەنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە قەيت قىلىش مۇمكىن.

مەيلى نېمە دەيلى، تارىخ ھامان تارىخ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدىكى يېڭى ماتېرىياللار ئېلان قىلىنغاندا، بالاساغۇننىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ئورنى مۇقىملىشىدۇ.

خاقانىيىدە ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى، دەپ جاكارلىدى ئىسلام دىنى 942 ـ يىلىدىن كېيىن خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ بالاساغۇ شەھىرىگە ۋە يەتتە سۇ رايونىغا، كېيىنچە يەنە خوتەن، چەرچەن كۇچار قاتارلىق جايلارغا تارقالدى ...»[①].

يۇقىرىقىلاردىن سۈتۈق بۇغراخاننىڭ ئاغۇغا باغلانغان پائالىيىتىنىڭ تىپىكلىكىنى پەرەز قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بالاساغۇننىڭ ئورنى بىلەن ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدىكى قارا يارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى تارىخچىلارنىڭ بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئاغۇدا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىكىمۇ بىزنى مەلۇم دەرىجىدە ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. تارىخچى ۋە شائىر ئىمىر ھۈسەيىن 1970 ـ يىلى پەيزىۋاتتىكى قارىلغاچ مەيدان تۈرمىسىدە سىياسىي جىنايەتچى سۈپىتىدە جازا مۇددىتىنى ئىجرا قىلىنىۋاتقاندە، ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ئوسمان ئابدۇۋايىت بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئىمىر ھۈسەيىن ئوسمان ئابدۇۋايىتنىڭ ئاغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئۇنداقتا سىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنسىز، يەنى بالاساغۇنلۇق ئىكەنسىز» دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالاساغۇننىڭ ئاغۇدا ئىكەنلىكىنى بىر قىسىم تارىخچىلار خېلى بۇرۇنلا جەزىملەشتۈرگەن.

ليۇ زىشاۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا «بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بالاساغۇندا ئىدى. بۇ يەردە خانىدانلىقنىڭ خاقانى، يەنى ئارسلانخان

---

① ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن بىرلىكىگە قوشقان تۆھپىسى»، 91 ـ بەت.

## روزى باقى توپى

روزى باقى 1873 ـ يىلى يۇقىرىقى مەھەللە كەنتى 10 ـ كوپېراتىپتا دۇنياغا كەلگەن، كېيىن چوڭ ئانىسىنىڭ زېمىن بۆلۈپ بېرىشى بىلەن ئاچچىق كەنتىنىڭ 5 ـ كوپېراتىپىغا ئولتۇراقلاشقان، 1958 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ توپنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى توختى روزى، مەخەت روزى بولۇپ، ئاساسلىقى ئاچچىق، تۆۋەنكى، يۇقىرىقى مەھەللىلەرگە ئولتۇراقلاشقان، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## موللام ئۇرۇق توپى

بۇ توپنىڭ ئەۋلادلىرى چاقانباي روزى ئاخۇن، ئەمەت ئاخۇن، روزى ئاخۇن قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئۆستەڭبويى بازار بېشى (5 ـ، 9 ـ كوپېراتىپلار) غا ئورۇنلاشقان.

## قارىۋاي توپى

بۇ توپنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ھاجى بولۇپ، ئەۋلادلىرى ئېزىزھاجى، ئىبراھىم ئېزىز، توختاخۇن شويازا قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى ئاساسلىقى يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىنىڭ دۆڭبېشى مەھەللىسىگە ئولتۇراقلاشقان.

# ھازىرقى ئاغۇلۇقلارنىڭ جەمەتلىرى توغرىسىدا

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاغۇدا بىرقانچە جەمە
(كىشىلەر توپى) بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى كىشىلەرن
باشقىلار ئاشۇ جەمەتنى سۈرۈشتۈرۈپ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى
جەمئىيەتتە قانچىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ. ھازى
ئاغۇدا ھەممە كىشىلەرگە مەلۇم بولغان بىرقانچە توپ بولۇپ، بۇلا
ئاساسلىقى باي توپى، كاناي توپى، سوقىچى توپى، تالقانلىق توپى
تۆلەغوجى توپى، مەمتىز توپى، تازىلا توپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## باي توپى

بۇ نىيازخان باينىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى، ساۋۇت توختى
مەمتىلى توختى، پالتا باينىڭ ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ توپنىڭ
ھازىرقى ئەۋلادلىرى ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ 3 - مەھەلل
(كوپىراتىپتا) دە ئولتۇراقلاشقان.

## كاناي توپى

بۇلار موللا قۇۋانباي ئەۋلادلىرىدىن ئەمەت كانايلارنى ۋە ئۇنى
ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توپنىڭ ئەۋلادى ئا
مەھەللە كەنتىنىڭ ھازىرقى 8 - مەھەللە (كوپىراتىپ)
ئولتۇراقلاشقان.

نىياز سوپى باينىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ هازىرقى ئەۋلادلىرى يۇقىرىقى مەهەللە كەنتىنىڭ ئوي كوچا 10 ـ مەهەللە (كوپىراتىپ) دە ئولتۇراقلاشقان.

## تۆلەغوجى توپى

بۇلار لەنگەر كەنتىدىكى هەسەن ئاخۇنىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توپنىڭ هازىرقى ئەۋلادلىرى لەنگەر كەنتىنىڭ 1 ـ ، 3 ـ مەهەللە (كوپىراتىپ) دە ئولتۇراقلاشقان.

## مەمتىز توپى

بۇ توپ لەنگەر ۋە ئاچچىقتىكى مۆمىن ئىمام، توختەم بايلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ هازىرقى ئەۋلادلىرى لەنگەر كەنتىنىڭ 3 ـ كوپىراتىپى، ئاچچىق كەنتىنىڭ 1 ـ كوپىراتىپىدا ئولتۇراقلاشقان.

## شا توپى

بۇ توپ ئاغزۇ يېزىسىدا خېلى بۇرۇن پەيدا بولغان توپ بولۇپ، ئەجدادلىرى شاھ هەلىمباي، ئەۋلادلىرى قۇنام شاتايى، مەهەممەت شاتايى، مەشرەپ، دايىم، هاجى، خاكى هاجى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ توپىنىڭ هازىرقى ئەۋلادلىرى يۇقىرىقى مەهەللە 8 ـ ، 9 ـ كوپىراتىپقا ئورۇنلاشقان.

## سولتەك توپى

بۇ توپنىڭ بالىلىرى قۇناخۇن سولتەك، موللا ئەيسا، مەتنىياز سولتەك، ئىبراھىم سولتەك، ئىسلامخان قاتارلىقلار بولۇپ، ھازىرقى ئەۋلادلىرى ئابدۇقادىر سولتەك، موللا مىسىرھاجى، ئابدۇكېرىم ھاجى، يولداش يۈسۈپ قاتارلىقلار، ھازىرقى ئەۋلادلىرى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ 10 ـ، 11 ـ كوپىراتىپلىرىغا ئورۇنلاشقان.

## ئابلا سوپى توپى

بۇ توپنىڭ ئەجدادى ئابلا سوپى بولۇپ، ئەۋلادلىرى ئىمىن ئاخۇن، نىياز چوڭ قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ 5 ـ كوپىراتىپىغا ئورۇنلاشقان.

## سوقىچى توپى

بۇلار يۈسۈپ ھاجى، ھوشۇر ھاجىلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توپنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرقى تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىنىڭ 9 ـ، 11 ـ مەھەللە (كوپىراتىپ) دە تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

## تالقانلىق توپى

بۇلار كوچا بېشىدىكى ياقۇپ چوڭنىڭ، ئىبراھىم، كەكە باي،

ئەسلىي ئاتا ـ بوۋىلىرى هازىرقى سوۋنتاغ يېزىسىنىڭ شورۇق كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاغۇلۇقلارغا ئايلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇردى مانىڭ ئەۋلادلىرى، رىشىت قازى، ئىمىن مۇسا، ئىگەمبەردىنىڭ دادىلىرى قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە كاتتايلاق، بەشكېرەم قاتارلىق ئورۇنلاردىن هەرخىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ ئاغۇلۇق بولۇپ قالغانلارنىڭ سانىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، بۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئورۇنلىشىپ قالغانلارنىڭ تارىخى ئەسلىي ئاغۇلۇقلارنىڭكىدىن قىسقا بولغاچقا، ئۇلار توپ (جەمەت) شەكىللەندۈرمىگەن.

## تازىلا توپى

بۇلار بوۋام چوڭ، دوما چوڭ، سەكە چوڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ توپ توغراق، لەنگەر كەنتىدىكى خۇدابەردى (120 ياشتا ۋاپات بولغان)، بايچاق، پالتا ئىمام (125 ياشتا ۋاپات بولغان) لارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئاچچىق كەنت كۆمۈشكىدە ئورۇش بولغاندا يارىدار بولغانلارنى يۇيۇپ، تازىلاپ يۇقىرىقى مەھەللە تاختا كۆۋرۈككە ماكانلاشتۇرغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تاياق تۇتۇپ ماڭالايدىغان بىر قىسمىنى هازىرقى يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ 5 - كوپىراتىپىدىكى تاشلاندۇق بىنام يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، هازىر بۇ يەر هاسا (ئاسا) مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئورۇش مەزگىلىدە بۇلارنى يۇيۇپ، تازىلاپ ئەكەلگەچكە، بۇلارنى تازىلا توپى دەپ ئاتىۋالغان. بۇلارنىڭ هازىرقى ئەۋلادلىرى يۇقىرىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقان.

ئاغۇ يېزىسىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر يۇقىرىدىكى توپلارنىڭ مەلۇم بىرىگە تەۋە بولۇپ، يەنە توپ هاسىل قىلالمىغان بەزى كىشىلەر هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاغۇغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنى مەلۇم بىر توپقا تەۋە قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاغۇ ياقا ئاچچىقتىن يەر سېتىۋالغان ئىشتاچىلىق ئەلەم هاجى، باقى هاجىم، شايى هاجىم (خۇدايارنىڭ دادىسى)، تايى هاجىم (هاجى چوڭنىڭ دادىسى) قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ياقا ئاچچىقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولغاچقا، تەبىئىي هالدا ئاغۇلۇق بولۇپ كەتكەن.

ئارا ئاچچىقتىن يەر سېتىۋېلىپ ئاغۇلۇق بولۇپ قالغان،

تۆۋەندە بىز تارىخىي ئاساسى بىرقەدەر روشەن بولغان بىرقانچە ئىزلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. كۇمۇش ئاتام مازىرى

كۇمۇش ئاتام ئاغۇ يېزىسىغا قاراشلىق ئاچچىق كەنتىنىڭ جەنۇبىي، بوزتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى ئاغۇلۇقلار بۇ ئورۇننى «كۇمۇشكە شەھىرى» دەپ ئاتاشقان.

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈچىنچى شاھزادىسىنىڭ ئىسمى كۇمۇش بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ نامى بىلەن كۇمۇشكە ئاتام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. يەنە كېلىپ 1982 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتى «قارا يار» دىن تېپىلغان ئوتتۇز مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تېپىلغان ئورۇن بىلەن كۇمۇش ئاتامنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولماسلىقى بىزنى بۇ ئورۇندا خېلى بۇرۇنلا ئىنسانلار ياشىغان دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە كۇمۇشكىنىڭ ئىلگىرى شەھەر بولغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇماتلارمۇ بېرىلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا بۇ ئورۇندىن ئالتۇن، كۇمۇش لىگەنلەر، مىس قازانلار، مىس پۇل، ساپال قاچا- قۇچىلارنىڭ قېزىۋېلىنىشى بىزنى يۇقىرىقى بايانىمىزنىڭ مەلۇم ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە ئىشەندۇرىدۇ.

1990 - يىللاردا كۇمۇشكە ئەتراپىدا ماكانلاشقان ئاچچىقلىق مەھەممەت سەدىر باي بىر ئالتۇن چۆگۈن تېپىۋېلىپ، قەشقەرلىك بىر زەرگەرگە كۆرسەتكەن، زەرگەر بۇ ئالتۇن چۆگۈننىڭ زور

# ئاغۇدىكى قەدىمىي ئىزلار

ئاغۇ ئوتتۇز مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولغاچقا، ھەرخىل قەدىمىي ۋەقەلەر ھەم تارىخىي شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم يەر ـ جايلار، خارابىلىكلەر، قەبرىستانلىقلار ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھەرخىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ شاھىدلىرىنىڭ بەزىلىرى كىشىلەر قەلبىدىن ئۆنتۈلۈپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، يىراق ـ يېقىنغا داڭقى بار بەزى تارىخىي ئىزلار ھەم ئۇلارنىڭ نامى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، بەزىلىرى مەشھۇر تاۋاپگاھلارغا ئايلانماقتا.

ھازىر ئاغۇدا بار بولغان قەدىمىي ئىزلاردىن كۆمۈش ئاتام مازىرى، قوچقار ئاتام مازىرى، مومباتلا پەچىم، چارىيا پەچىم، جاي پەچىم، ئاقمىش ئاتام، قەمبەر ئۇلۇم ... قاتارلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقلار، سىرلىق تۇس ئالغان تاۋاپ قىلىش ئورۇنلىرى بار بولۇپ، ھازىرقى تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئورۇنلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، تارىخىي ئاساسى توغرۇلۇق بەزىلىرىگە يېتەرلىك تەبىر بېرىلگەن بولسىمۇ، بەزىلىرىگە يېتەرلىك ئاساسلار تۇرغۇزۇلمىغان. لېكىن، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھازىرچە بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغان، ھەرقايسى ئەل كۆتۈپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ روياپچا چىقىش شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە، بۇ ھەقتىكى بەزى «سىرلىق ھادىسە» لەر چوقۇم يېشىلىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ بەرپا بولۇش، شەكىللىنىش ئاساسى جامائەتچىلىككە ئايدىڭ بولىدۇ.

## 3. جاي پەچىم

جاي پەچىم ئاغىز يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق تېكىن 932 - يىلى بۇ ئورۇندا ئەبۇ نەسىر سامانىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز نامىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئابدۇكېرىم دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. يەنە بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە 40 مۇرىتنى ئەگەشتۈرۈپ، جاي پەچىمدە تەك ئىسلامغا كىرىپ ئىمان ئېيتقان. 40 مۇرىت ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 942 - يىلدىن كېيىن خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ بالاساغۇن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، كۇچار قاتارلىق جايلارغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا يۈرۈپ كەتكەن.

ھازىر جاي پەچىمدە 40 مەسچىت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئاشۇ 40 ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇگۈنكى كۈندە جاي پەچىمگە ساياھەتكە تاۋاپ قىلىشقا چىقىدىغانلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيمەكتە.

ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۆيىدە تەكشۈرۈپ كېلىشنى باھانە قىلىپ ئەكەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇن چۆگۈن غايىپ بولۇپ كەتكەن.

بىز كۆمۈشكىدىن تېپىلغان بەزى ماددىي بۇيۇملارنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئورۇننىڭ ئىلگىرى راستىنلا شەھەر بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرمەك ئانچە قىيىن ئەمەس. ھازىر كۆمۈش ئاتام قەبرىستانلىقى ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ بېكىتىلدى.

## 2. قوچقار ئاتام مازىرى

ئاغۇدا يېزا مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا بىر قەدىمىي قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «قوچقار ئاتام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئورۇننىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدا مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر بار. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادشاھى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆزى ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان، ئۇرۇشقا ماھىر، پەم - پاراسەتلىك بىر سەركەردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قوچقار ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا، ياۋغا قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىپ نۇسرەت قازانغان بولۇپ، خاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەن، كېيىن ئەجەل يېتىپ ۋاپات بولغاندا، ئۇنى يەر يۈزىدىن ئېگىزرەك بولغان، كۆن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ ئورۇنغا دەپنە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئورۇن كىشىلەر تەرىپىدىن «قوچقار ئاتام مازىرى»، «قوچقار ئاتام قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئورۇن سوقىلىنىڭ ئايغىدىكى يارنىڭ لېۋىگە جايلاشقان.

باشتىكى هويلا دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

ئاغۇدىكى باش هويلىنىڭ شەكىللىنىشىگە كەلسەك، يۇقىرىقى مەھەللە ئۈژمىلىكتىكى باقى هاجىم ياقا ئاچچىقنىڭ ئەڭ باش قىسمىغا (تۆپىسىگە) بىر هويلا سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوز يەرلەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، مېۋىلىك باغلارنى ئەھيا قىلغان، كېيىن باقى هاجىم بۇ يەر ـ زېمىنلىرىنى ئاغۇ بەگلىك هويلا ئالدىدىكى يۇسۇپ قازىنىڭ دادىسى هاجى ئاخۇن بىلەن باقى بوغاز دېگەن كىشىگە سېتىپ، ئۆزى ھەرەمگە بېرىپ هاجى بولۇپ كەلگەن.

باقى باي باش هويلىدىكى زېمىنىنىڭ ئۈستىگە جاي سېلىپ، باش هويلىلىق بولۇپ كەتكەن. هازىرمۇ باقى ئاخۇننىڭ ئوغلى توختى باقى ئاشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. هاجى ئاخۇننىڭ باش هويلىدىكى ئۆيىدە تۇردى ئورۇقنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئولتۇرغان. هازىر بۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ باللىرى روزى ئىبراھىم، تۇردى ئىبراھىم، ياسىن ئىبراھىملار ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

## 3. قارىغول

قارىغول ئاغۇ يېزىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يەردە ئەسكەرلەر تۇرىدىغان سېپىل بار ئىدى. سېپىل ئىچىدە چېرىكلەرنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار كۆكتامغا كۆچۈرۈلۈپ، قارىغولنى باج ئالىدىغان قاراۋۇلخانا قىلغان. 1930 ـ يىلىغىچە خەنزۇ، خۇيزۇ باجگىرلار تۇرغان. 1930 ـ يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار كۆكتامدىكى چېرىكلەر بىلەن قارىغولدىكى باجگىرلارنى تۇتۇپ كەتكەن.

# ئاغۇدىكى تارىخي مەنىگە ئىگە
# يەر - جاي ناملىرى

ئاغۇ يېزىسىدا كىشىلەرگە بىرقەدەر تونۇش بولغان، تارىخي ۋەقە - ھادىسىلەر بىلەن باغلانغان بىرقانچە يەر - جاي ناملىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرى بەگلىك يەر، باش ھويلا، قارىغول، بەگلىك ھويلا قاتارلىقلار. بۇ ئورۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بەزىلىرىنىڭ مەلۇم بىر شەخس بىلەن باغلىنىش ئاساسى بولسا، بەزىلىرى تارىخي ۋەقەلەر بىلەن باغلانغان.

## 1. بەگلىك يەر

ئاغۇ يېزىسىدا خېلىدىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن بەگلىك يەر دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئورۇن بار بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە لەنگەرلىك ھوشۇر ھاجىم ئاغۇغا دەسلەپ بەگ بولغاندا قالتىشتىن بىر پارچە يەر ئېچىپ، يەرنىڭ بېشىغا سۇنى چاناچتا تۇگىگە ئارتىپ ئاپىرىپ لاي ئېتىپ، بىر ھويلا بەرپا قىلغان. بۇ يەرنى ئاغۇ خەلقى «بەگلىك يەر» دەپ ئاتاپ كەلگەن. كوممۇنا ۋاقتىغا كەلگەندە، بەگلىك يەر قوي فېرمىسى قىلىنغان.

## 2. باش ھويلا

باش ھويلا دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، ئەڭ

جايلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي دەۋرنى، سىياسەت تۈزۈلمىسىنى، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش، بىلىشتە ياخشى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، تارىخىي ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈشىدە يەنە يېڭى - يېڭى ئۇچۇرلار بايقىلىشى مۇمكىن.

بۇ ئورۇندا كېيىن باجگىر بولۇپ تۇرغانلاردىن لەنگەردىن پالتاخۇن، قارىسىگىر (يېڭى ئاۋات) دىن توختەم چوناق، بەيستىن مەمەتخان ئىمىن ھاجىلار باجگىر بولۇپ ئىشلىگەن. 40 - يىللاردا، گومىنداڭ دەۋرىدە مەمتىمىن، تۇردى چىشاڭ قاتارلىق قەشقەرلىكلەر باجگىر بولۇپ تۇرغان. ئۇلارغا توختەم شويازا، ياسىنچەك دېگەنلەر ياردەمچى بولغان.

1950 - يىلىدىن كېيىن، قارىغولدا باج ئالىدىغان ئىشلار توختىتىلغەن. بۈگۈنكى كونىدە قارىغولدىكى ئاھالىلار ئاغۇ يېزىسىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىگە تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتلىرىدىن بىرى بولغان «ئاغۇ سۇ ئامبىرى» بۇ ئورۇنغا قۇرۇلدى.

## 4. بەگلىك ھويلا

بەگلىك ھويلا بەگلەر تۇرىدىغان ئۆي بولۇپ، ئاغۇدىكى بۇ ئۆي ھازىرقى بەكرى چوڭنىڭ ئوغلى لەخەت بەكرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەينى دەۋردىكى بۇ بەگلىك ھويلىنىڭ ئىچىدە كونا چىقىش تەرەپكە سېلىنغان ئۈچ يېپىق ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى سولاقخانا، ئىككىسى بەگنىڭ ئائىلە ئۆيى ئىدى. شىمال تەرىپىدە ئىككى يېپىق ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى مېھمانخانا، يەنە بىرسى سوراقخانا ئىدى. دەرۋازىسى جەنۇب تەرەپتە بولۇپ، چوڭ كوچىغا قاراپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئېغىزلىق تاختاي سېلىپ ياسالغان جىگولاڭ (ئېھتىيات ئاشلىقى) نىڭ ئامبىرى بار ئىدى. بۇ ئاشلىق توگىگەندە، ئۆينى قورچاق ساقچىخانا ئىشخانا قىلىۋالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ھويلا چېقىۋېتىلدى.

ئاغۇدا يەنە مۇنداق تارىخي خاراكتېرگە ئىگە ھويلا، يەر -

بۇنى هازىرقى كۈندە كىشىلەر تەڭگە تاشلىدى، دەپ ئاتىشىدۇ.

## 2. سۇپرا توي

ئاتا ـ ئانىلار ئوغۇل پەرزەنتى يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنى چىللاپ شۇ كۈنى پەرزەنتىنىڭ خەتنىسىنى قىلىدۇ. جامائەت بىر ۋاق تاماقتا داخىل بولغاندىن كېيىن، قازانغا سالىدىغان گۆرۈچ، ياغ قاتارلىقلارنى تەقلەپ بېرىش بىلەن بىرگە ئەپلەك نان ئالدۇرىدىغان، گۆش تۇتىدىغان، قولغا سۇ بېرىدىغان ئادەملەرنى تەيىنلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇپرا توي ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى هازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## 3. سۇننەت توي

سۇپرا توينىڭ ئەتىسى سۇننەت توي (خەتنە توي) قىلىنىدۇ. سۇننەت توينىڭ دائىرىسى ۋە داغدۇغىسى بىرقەدەر زور بولىدۇ. خەتنە توينى توي قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئاجىزراق كىشىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئاددىي ـ ساددىراق ئۆتكۈزىدۇ. ئىقتىسادى بىرقەدەر ياخشىراق كىشىلەر بولسا، توينىڭ دائىرىسىنى پۈتكۈل يېزىغا قەدەر كېڭەيتىپ، ھەشەمەتلىكرەك ئۆتكۈزىدۇ. يۇرت بايلىرى بولسا، خەتنە توينىڭ مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

سۇننەت تويغا ئاساسلىقى يېقىن تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر

## ئاغۇلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئاغۇ خەلقى ئىسلام دىنىنى بۇرۇنلا قوبۇل قىلغان بولغاچقا، تۇرلۇك شەكىلدىكى توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا بۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرى باشقا يۇرتلۇقلارنىڭكىگە ئومۇمەن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان قىسمەن پەرقلەرمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە كونكرېت توختىلىمىز.

### 1. ھەقىق تويى

ئاغۇدا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىرخىل توي شەكلى ئومۇملاشقان: ئايالى بىرقانچە قىز تۇغۇپ، ئاندىن ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولسا، ئىنىكئانىغا بىر سەرلىك ياكى يېرىم سەرلىك تەڭگە بېرىلىدۇ، بۇنى كىشىلەر تەڭگە چىشلەتتى، دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەر، دادا بولغۇچى قول ئىلكىدە بار، ئىقتىسادي ئەھۋالى ياخشى كىشى بولسا، بىرەر مالنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانلىق خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن يۇرت ـ مەھەللە، ئەل ـ ئاغىنىلەرگە ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنە خېلى مەزگىل داۋاملاشقان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارا ـ بارا ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ھازىرقى كۈندە يەنىلا ئايالى تۇنجى قېتىم ئوغۇل تۇغقان ئەرلەر تۇغۇت ئانىسىغا خۇشاللىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن پۇل بېرىدۇ،

بالا قىلىشىلىش ھەققىدە پۈتۈشۈپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقىلار بۇ قىزغا ئېغىز ئاچمايدۇ. ناۋادا ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن قىزنىڭ ئائىلىسىگە يەنە باشقىلار قىز سوراپ كەلسە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى سىپايىلىك بىلەن «قىزىمىزنىڭ بوينى باغلاقلىق» دەپ كەلگەن مېھمانلارنى يولغا سالىدۇ.

2. كېڭەش: ئوغۇل تەرەپ توي ۋاقتى يېقىنلاشقاندا قىز تەرەپكە بەش - ئالتە ئايالنى تويىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى توختىتىپ كېلىش، تويلۇق كېيىمنى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ ئادەتتە كېڭەش توي دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3. قىزنى يۆتكەش: ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىشى بىلەن ئالدىدا قىز تەرەپ توي قىلىپ، ئوغۇل ئىگىلىرىگە داستىخان سالىدۇ. بۇ تويغا ئوغۇل ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىنى باشلاپ كېلىدۇ. ئەتىگەندە ئەرلەر، كەچتە ئاياللار كېلىپ قىزنى ئوغۇل تەرەپكە يۆتكەپ كېتىدۇ. قىز - يىگىتنىڭ نىكاھى قىزنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلىدۇ.

ئوغۇل تەرەپ شۇ كۈنى ياكى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئايرىم توي قازىنى ئاسىدۇ. قىز يۆتكىلىپ كەلگەن ئاخشىمى قىز تەرەپتىن بىرگە كەلگەن يەڭگىلەر قىز - يىگىتنىڭ يوتقىنىنى سېلىپ يىگىت ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرىدىن ئورۇن پۇلى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئاۋۋال يىگىت يوتقان تۆپىسىگە پۇل قويىدۇ. ئاندىن ئاغىنىلىرى پۇل قويىدۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم بەرگەندىن كېيىن، ئورۇن پۇلى دەۋاسى تۈگەيدۇ. يىغىلغان پۇللارنى قىز تەرەپتىن نەچچە يەڭگە بارغان بولسا تەڭ بۆلۈشىدۇ.

4. چاي بېرىش: قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە ئۈچ كۈن ئۈچ خىل (پولۇ، مانتا، ئۆپكە - ھېسىپ) چاي ئېلىپ كېلىدۇ. چاينى ھەر كۈنى باشقا - باشقا قىز - چوكانلار ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە ئۈچ

قوزا، ئوغلاق قاتارلىق مال ـ چارۋىلارنى توي يارشىقى قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلىرى ھەرخىل رەختلەرنى، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئېلىپ بېرىشىدۇ. يەنە ئەرلەر ئاتىغىنى بويىچە خەتنىسى بولغان بالىغا پۇل تۇتقۇزىدۇ.

## 4. بۆشۈك توي

ياتلىق بولغان قىز بىرىنچى قېتىم تۇغقاندا، قېينانىسى قىزنىڭ ئانىلىرىنى چاقىرىپ ئاياللار ئارا توي ئۆتكۈزىدۇ. بۆشۈك تويغا كەلگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر نان، تاۋاق (مانتا، قۇيماق) ئېتىشىپ كېلىشىدۇ.

توي ئاياغلاشقاندا، قىزنىڭ ئىگىسى چىللاق قىلىدۇ. يەنى كۇيئوغۇلغا بىرقۇر كىيىم قويىدۇ، قالغانلارغا ياغلىق، كۆڭلەكلىك رەخت قويىدۇ. ناۋادا قىز يولدىشىنىڭ ئۆيىدە تۇغقان بولسا، ئانىسى يۆتكەپ كېتىدۇ. قىز ئانىسىنىڭكىدە تۇغقان بولسا، ئوغۇل تەرەپ يۆتكەپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئوغۇل قىزغا تويلۇق كىيىمدىن كەم قالغان كىيىمنى بۆشۈك تويدا تولۇقلاپ ئېلىپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، بۆشۈك تويى تولىمۇ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## 5. قىز ياتلىق قىلىش، ئوغۇل ئۆيلەش تويى

بۇ توينىڭ كونكرېت تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1. قىز سوراش: ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر يىل بۇرۇن ئوغلىغا مۇۋاپىق كۆرگەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قىزنى

كۆمۈلۈپ بولغۇچە ئارىلىقتا مەرھۇمنىڭ بالىلىرىدىن بىرسى ئاخۇنلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ (قايسىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا شۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا) قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، ئاخۇنۇم ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىقلىرىدىن بىرقانچىنى كۆپچىلىك ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا تاھارەتتىكى تۆت پەرزنى چۈشەندۈرۈپ قول كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەيدۇ، مېيىت تولۇق كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، قارىيلار قىرائەت قىلىدۇ. كۆپچىلىك ھازىدارلارنى باشلاپ مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلىشىپ قايتىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يەرلىك كولىغانلارنى، قۇرئان ئوقۇغان قارىيلارنى، ئىمام ـ مەزىننى ياخشى رازى قىلغاندىن سىرت، ئۆلۈمگە كەلگەن باشقا مەزىن، موللىلارغىمۇ ئىسقات پۇلى بېرىدۇ.

ئۆلگۈچى يەرلىككە قويۇلغان ئاخشىمى يېقىن ھەقەمسايىلىرى مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ «تەلە» (تەھلىل) ئوقۇپ قايتىدۇ. يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نەزىرىسى قىلىنىدۇ (ئادەتتە يەتتىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 40 كۈن توشقاندا قىرقى قىلىنىدۇ. يىلى تولغاندا يىل نەزىرىسى، ئىككى ھېيت (روزى ھېيت، قۇربان ھېيت) تا ھېيتى، ئايەم كۈنىسى ئايىمى قىلىنىدۇ.

كۆن ئۆتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغۇلنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى چىللايدۇ. بۇنى ئادەتتە «ئالدى قىلىش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

5. قۇدا قىچقىرىش: قىز تەرەپ ئالدى قىلىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ كاتتا مېھمان قىلىدۇ. بۇ قۇدا قىچقىرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

## 6. مېيىت ئۇزىتىش

ئاغۇ خەلقى بۇرۇندىن تارتىپلا ئۆلۈمنى زور داغدۇغا بىلەن يەرلىكىدە قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ھازىرمۇ مۇشۇنداق، ئۆلۈم بولغان كۈنى ئاغۇدىكى مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر بېرىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئائىلىسىگە ئايرىم ئادەم ئەۋەتىلىدۇ.

مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان كۈنى ئۇنىڭ بالىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بېلىنى ئاق رەختتە باغلايدۇ. ئايالى ۋە قىز پەرزەنتلىرى بولسا لۆڭگە بىلەن بېلىنى باغلايدۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، زاراتگاھلىققا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەر بىر تۇغقىنى ياكى ئوغۇللىرى يەرلىك ئىچىگە كىرىپ قائىدە بويىچە ياتقۇزىدۇ. گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ، يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندە، جامائەتتىن بىرسى ئاخۇنۇمغا توپا چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن نامدار موللىدىن بىرسى قۇرئان ئوقۇيدۇ (تەبەرەك سۈرىسى)، كۆپچىلىك تىنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇپراق بېشىغا بارغان كىشىلەر مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئۆلگۈچىنى كۆمىدۇ،

ئاغۇ خەلقى ئەسلىدىنلا ھېيتنى داغدۇغىلىق، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ھېيت كۈنلىرى پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە، كۈيئوغۇللار قېيناتا ـ قېينانىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلايتتى. قولۇم ـ قوشنىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرسىنىڭكىگە كىرىشىپ ھېيت پەتىسى قىلىشاتتى. ھېيت بولۇشتىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغان ئەر ـ خوتۇنلار، جېدەللىشىپ قالغان قولۇم ـ قوشنىلار ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ قايتىدىن يارىشىپ قالاتتى.

بۇ خىل ئادەتلەر ھازىرقى كۈندىمۇ شۇ يوسۇندا داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

## 2. ئاغۇلۇقلارنىڭ ئايەم كېچىسىنى ئۆتكۈزۈش ئادىتى

ئاغۇ خەلقى ھەر يىلى شەھبان ئېيىنىڭ 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى كېچىدە مەسچىتلەرگە يىغىلىپ قاپاق كۆيدۈرۈش، ساز چېلىپ نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئايەم كۈنىنى خاتىرىلەيتتى. نەغمە ـ ناۋادىن كېيىن ئوغلاق، قوزا سويۇپ، ئۇنى ئۆزئارا يېيىشىپ تاڭ ئاتقاندا ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشەتتى. بۇ پائالىيەت ئادەتتە ئۈچ كۈن داۋام قىلاتتى. كۈندۈزلەردە ئۆي ـ ئۆيلەردە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتاتتى. بۇ ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## 3. مەۋلۇت ئوقۇش

ئىلگىرىكى ئاغۇلۇقلار ھەر يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈندىن باشلاپ شۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئازنا مەسچىت ۋە ھال ـ

# ئاغۇلۇقلارنىڭ ھېيت، مەۋسۇم - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى

ئاغۇ خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلەرنى داغدۇغىلىق تەنتەنە قىلىش بىلەن بىرگە ياش پەرقى ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈرلۈك شەكىلدىكى مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا، ئەمگەك ھارغىنلىقى، روھىي دىشۋارچىلىقلارنى نەغمە - ناۋا، كۈلكە - چاقچاقلارنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئۇنتۇپ كېتىشكە ئادەتلىنىپ كەلگەن. ئاغۇلۇقلارمۇ ئومۇمىي ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ھېيت - ئايەم ۋە مەۋسۇم - مۇراسىملاردا ئورتاقلىققا ئىگە. ئەمما، ئۇنى ئۆتكۈزۈشتە قىسمەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار. تۆۋەندە بىر قىسىم خاتىرە كۈنلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ئاغۇلۇقلارنىڭ ھېيت ئۆتكۈزۈش ئادىتى

1934 - يىلى ئىنقىلانغان ساندا ئاغۇدا بامدات نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىتتىن 56 سى بار بولۇپ، ئۈچ ئورۇندا جۈمە ئوقۇيدىغان (مازاردا، لەنگەردە، ئاچچىقتا) چوڭ مەسچىت، ئىككى ئورۇندا (مازاردا، لەنگەردە) ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان مەسچىت بار ئىدى.

يىغىلىپ خالتىغا سېلىنىدۇ. كېلەر قېتىملىق خەتمە نۆۋىتى كەلگەن كىشى تاشنى ئېلىپ كۆپچىلىككە: «خەتمىنى ماڭا دۇئا قىلىڭلار» دەيدۇ. كېلەر قېتىملىق خەتمە دۇئا ئالغان كىشىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ.

## 5. زاراخەتمە

ئاغۇ خەلقى 3 ـ ئايدا (نورۇز بايرىمىدا) بەش ئورۇندا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزەتتى. بۇ نەزىرگە ئاغۇدىكى مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىگە باغاق تارقىتىلاتتى. ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشەلمىگەن كىشىلەر ئۆزئارا جەم بولۇشۇپ دىدارلىشاتتى. ئاندىن چېلىش باشلىنىپ مەھەللىلەر ئارا مۇسابىقىلىشەتتى. چېلىش ئادەتتە بەش كۈن داۋام قىلاتتى. پائالىيەت تولۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ: «قوغۇن ـ ئوتياش، زىغىر ـ زاغۇنغا ئىشلەيلى» دېيىشىپ خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كېتەتتى.

## 6. ئىككى خىل بەزمە

ئاغۇدا ئىلگىرى ئىككى خىل بەزمە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭ بىرسى ياشانغانلارنىڭ پولۇ بەزمىسى، يەنە بىرى بايۋەچچىلەرنىڭ نىرىن بەزمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىككى بەزمىدە مەشرەپكە ئوخشاش قائىدە ـ تەرتىپ ئورنىتىلغان بولۇپ، قاتتىق ئىجرا قىلىناتتى.

ياشانغانلارنىڭ پولۇ بەزمىسىدە ئاساسلىق تامىقى پولۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا كېتەرلىك بولغان ياغ، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى تەقلەشكە

ئەھۋالى ياخشىلارنىڭ ئۆيلىرىدە مال سويۇپ، قازان ئېسىپ، موللىلارنى يىغىپ مەۋلۇت ئوقۇيتتى، مەۋلۇت تۈگىگەندە مەۋلۇت ئوقۇغان موللىلارغا پۇل قوياتتى.

مەۋلۇت ئوقۇش ئادەتتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئىككى خىل خەتمىقۇرئان

ئىلگىرى ئاغۇ خەلقى ھەر يىلقى ھەر رامىزان ئېيىدا ئازنا مەسچىتلەردە قارىي، موللىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئالاھىدە خەتمىقۇرئان ئوقۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى. قارىي، موللىلار ھەر كۈنى تەكلىپ قىلىنغان ئۆيدە ئىپتار قىلىدۇ (ئېغىز ئاچىدۇ). قۇرئان ئوقۇش تاماملانغاندا بايلار پۇلنىڭ زاكىتىنىڭ بىر قىسمىنى قارىي، موللىلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، قارىي، موللىلار كۆپچىلىك ۋە يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىدۇ، خەتمىقۇرئان ئاخىرلىشىدۇ.

خەتمىقۇرئاننىڭ يەنە بىر خىلى ئازنا كۈنى جۈمە يانغاندا خەتمە بېرىدىغان ئۆيدە بولىدۇ. خەتمە بەرگۈچى ساھىبخان مېھمانلارنى ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، قوللىرىغا سۇ بېرىپ، داستىخان سېلىپ، ئادىتى بويىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن كۈزاغزا (بۇغداي نانىنىڭ چوڭ قىلىپ يېقىلغان بىر تۈرى) توقاچ قويىدۇ. بۇ ئادەتتە خەتمە توقىچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن ئۈچ كىشىگە بىر لېگەندىن پولۇ تارتىلىدۇ. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، خەتمە تېشى تارقىتىلىدۇ. قاتناشقۇچىلار تاشنى قولىغا ئېلىپ دۇرۇت ئوقۇيدۇ. ئاخىرىدا ئىمام قىرائەت قىلىدۇ. خەتمە تېشى

پېتىر چۆپ، قورداق، چۆچۈرە، سۇيۇقئاش، قازان پوشكىلى، قاسقان پوشكىلى، شوۋىگۈرۈچ قاتارلىق تائاملارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ پولۇ ئەڭ ئەتىۋارلىق تاماق بولۇپ، ئەزىز مېھمانلار ئۆيىگە كېلىپ قالسا پولۇسىز يولغا سالمايدۇ.

مۇقىم ئادەم بەلگىلەنگەن بولىدۇ. لېگەنگە ئۇسقان پولۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۆلچەپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ (بىر لېگەنگە ئون جىڭدىن كەم پولۇ ئۇسۇلمايدۇ).

نېرىن بەزمىسىدە قوينى سويىدىغان پوكانچى ئايرىم بولۇپ، بۇ بەزمىگە خېلى كۆپ تەييارلىق كېتىدۇ. كىشى بېشىغا ئۇچتىن كۆزاغزا توقاچ، قەنت ـ گېزەك، ئۈچ جىڭ گۆش قويۇلىدۇ. گۆش تارتىلىشتىن ئىلگىرى شورپا، دۇمبە ـ جىگەر تارتىلىدۇ. كۆپچىلىك تارتىلغان گۆشنىڭ يېگىنىنى يەپ، ئاشقان قىسمىنى بەللىرىگە تۈگىدۇ. گۆشتىن كېيىن نېرىن تارتىلىدۇ. نېرىن يەپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك دۇئا قىلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. نېرىن بەزمىسى ئادەتتە كۈندۈزى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## 7. ئاغۇلۇقلارنىڭ مېهمان كۈتۈش ئادىتى

ئاغۇ خەلقى مېهماندوست خەلق بولۇپ، مېهماننى بەك ئۇلۇغلايدۇ. تاماقنى چوڭلارغا بالدۇر تارتىدۇ. چاينى ئوڭ قولى بىلەن تۇتىدۇ. مېهمانلارغا پۇچۇق، كۆتەك پىيالە، چىنىلەردە غىزا تارتمايدۇ. تاماق تارتىلغاندا مويسىپىتلاردىن بىرسى: «خوش، مەزەگە باقايلى» دېمىگۈچە غىزاغا قول ئۇزاتمايدۇ. مېهمانلار داستىخانغا دۇئا ياندۇرغاندا، ئۆي ئىگىسى (بېشى) نى تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن دۇئا قىلىدۇ. ساھىبخان مېهماننى تاكى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ.

## 8. ئاغۇلۇقلارنىڭ ئەتىۋارلىق تاماقلىرى

ئاغۇ خەلقى پولۇ، شويلا، مانتا، كاۋاپ، شورپا، نېرىن چۆپ،

تۆۋەندە بۇ سۆز ـ ئىبارىلەردىن قىسمەن پارچىلار بېرىلدى:

| ئاغۇ شېۋىسى | ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى |
| --- | --- |
| ئالدام | ئالدىم |
| ساتتام | ساتتىم |
| ئۇدام | ئۇردۇم |
| كەلدەم | كەلدىم |
| تۇدام | تۇردۇم |
| ماڭدام | ماڭدىم |
| مەخەممەت | مەھەممەت |
| مەخەللە | مەھەللە |
| سەخەر | سەھەر |
| ئۇمايمى | ئۇرمايمەن |
| ئاممايمى | ئالمايمەن |
| كۆمىدىم | كۆرمىدىم |
| توغا | توغرا |
| چىرىمى | كىرىمەن |
| ژۇغۇرىمى | يۇغۇرىمەن |
| نەباداڭ | نەگە باردىڭ |
| نىم بولداڭ | نېمە بولدۇڭ |
| ژىراق | يىراق |
| قوپتام | قوپتۇم |
| چىرە | كىرە |
| تۆت تۇغام | تۆت كوچا ئېغىزى |
| ژىڭاق | ژاڭاق |
| ژىڭنە | يىڭنە |

# ئاغۇلۇقلارنىڭ يەرلىك شىۋىسى

ئاغۇ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەۋەبىدىن بۇ يۇرن خەلقىنىڭ تىلىدا هازىرغا قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغ تەۋە بولغان ھەم مەنە جەھەتتىن يېقىن بولغان بىر قىسى سۆزلەر تارىخىنىڭ ئۇزاق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشت بەلگىلىك تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە. 1950 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ يېزا خەلقى ئارىسىد ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە سۆز - بىرىكمىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى، يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۈنسايىن ياشلىشىشى سەۋەبلىك بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى بارا - بارا يېڭىچ سۆز - ئىبارىلەر ئىگىلەپ كەلمەكتە. هازىرغا قەدەر بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان قەدىمكى سۆزلەردىن زىتىنخور، تويسىياق، تەقى، چۇت، يەيېغى، تەۋۇ، جىنىنىۋاسى، بايا، باياقىساي، پۇچۇم، سالۋاي، مانىكاك ... قاتارلىقلار بار.

هازىرقى ئاغۇلۇقلارنىڭ شىۋىسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىلىدىن پەرقلىق تۇرىدىغان بەزى سۆز - ئىبارىلەرمۇ بولۇپ، بۇلارمۇ ئاغۇلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك شىۋ پەرقى هاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئاغۇنىڭ 1950 - يىلىدىن ئىلگىرىكى مەمۇرىي قۇرۇلمىسى

ئاغۇدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۈچ كەنت بار بولۇپ، بۇلار ئويكوچا كەنتى، تۆۋەنكى مەھەللە كەنتى، ئارا مەھەللە كەنتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئويكوچا كەنتىگە تاختا كۆۋرۈك، پاتقاق، ئاسا، ئويكوچا، لەنگەر، ئاچچىق قاتارلىق ئورۇنلار قارايتتى. بۇ كەنتكە سەركە چوڭ، ھاجى چوڭ، بوۋام چوڭ، مەتنىياز چوڭ، ئۆمەر چوڭ قاتارلىقلار يۈز بېشى بولغان.

تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىگە پاقىل، ئېرىق بېشى، بوز، بۆلە، ئۈستەڭبويى قاتارلىق ئورۇنلار قاراشلىق بولۇپ، نىياز چوڭ، بالداق چوڭ قاتارلىقلار يۈز بېشى بولغان.

ئارا مەھەللە كەنتىگە قارا سىڭىر (ھازىرقى يېڭى ئاۋات)، ساقا، سۆزگەنلىك، ئارقا كوچا، باي توپى، كۆچىلا، جىرىملا، توغراق قاتارلىق ئورۇنلار قاراشلىق ئىدى. بۇ كەنتكە مەنسۇر چوڭ، بارات چوڭ، توختى چوڭ قاتارلىقلار يۈز بېشى بولغان.

ئاغۇ ئۈچ كەنت ۋاقتىدا نامەت بەگ (پەيزىئاۋاتتىن)، بەختى بەگ (پەيزىئاۋاتتىن)، مامۇت بەگ (پەيزىئاۋاتتىن)، ئىسلام بەگ (مەشھەتتىن)، ئوشۇر ھاجىم (لەنگەردىن)، تۇردى بەگ (لەنگەردىن) قاتارلىقلار ئاغۇغا بەگ بولغان. بۇ مەزگىللەردە بەگلەردىن باشقا يەنە قازى ئاخۇنۇم، رەئىس ئاخۇنۇم قاتارلىقلارمۇ ۋەزىپە ئىجرا قىلاتتى.

| | |
|---|---|
| ژۇندە | يۇندا |
| ژىلدام | ئىلدام |
| قىق | قىرىق |
| ئوتان | ئوتۇن |
| ژۇتتۇرۇپ | يىتتۇرۇپ |
| مەللىم | مۇئەللىم |
| شىككى | ئىككى |
| هۆكۈپ | ئۆركۈپ |
| ژۇك | يۇك |
| ژىغلا | يىغلا |
| ئىشت | ئىت |
| ژۇڭداپ | يۇڭداپ |
| چىمىل | چىۋىن |
| ئۇخلىدام | ئۇخلىدىم |
| بەدەم | بەردىم |
| كەتتەم | كەتتىم |
| ئوما | ئورما |
| ژىغا | يىغا |
| هىلغا | ئىلغا |
| هەلىقى | هېلىقى |
| كەپتەي | كەپتەر |
| ژۇلتۇز | يىلتىز |
| ژۇلدۇز | يۇلتۇز |

قىلىپ ئۆزگەرتتى. يۇقىرىقى مەھەللە بىر كەنت قىلىنىپ مۇھەممەت ھاجى چوڭ (سۇلايمان مەمەتنىڭ دادىسى) كەنت باشلىقى بولدى. تۆۋەنكى مەھەللە كەنتكە ئەخمەت بەختى، ئارا مەھەللە كەنتكە توختاخۇن ناگوشباي، لەنگەر بىلەن ئاچچىق بىر كەنت قىلىنىپ، ياسىن يۇسۇپ ھاجى كەنت باشلىقى بولدى. ئاغۇ رايونلۇق ئورگاننىڭ رايون باشلىقلىقىغا تاشمىلىقلىق ھەسەن قارىغۇ (ئاتۇش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاسىممۇ تاشمىلىقتىن ئىدى) تەيىنلەندى. بۇ ھال 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى.

1944 - يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. ھۆكۈمەت شىڭ شىسەي قامىغان ئادەملەر ئىچىدىكى ئۆلگەن ۋە ھايات قالغانلىرىنى ئېلان قىلدى. شىڭ شىسەي زامانىدا ئاغۇدىن تۈرمىگە سولانغان ئابدۇمۇلۇك ئېزىز موللا، نەمەت ئاخۇن، ھاشىم بايۋەچچە، ھاجى چوڭ، قاسىم چوڭ، ئىبراھىم ھاجى، ئىمىن موللام، ياسىن ئاخۇن، موللا ياقۇپ داموللام، ئىسمائىل قارا، ئوسمان توڭ قاتارلىق ھەپسىگە ئېلىنغان 11 ئادەمگە كوللېكتىپ ھازا ئېچىلغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاغۇ رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر جىگلىق (بازارلىق) ھۆكۈمەت (نامى يۇڭنىڭ جىڭ)، 13 باۋ قۇرۇپ چىقىپ، باشلىقلارنى تەيىنلىدى. جىگلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا قادىر ھەبىبۇللا تەيىنلەندى. ئارا مەھەللە تۆت باۋغا ئايرىپ چىقىلدى. باۋجاڭلىرى توختى باۋجاڭ، مەمتاق، بارات چوڭ، قۇربان مەمتىلى قاتارلىقلار بولدى. يۇقىرىقى مەھەللە ئۈچ باۋغا ئايرىلىپ، مەمەت دۇما، توختى قاتارلىقلار باۋجاڭ بولدى.

ئاغۇدا بۇرۇندىن تارتىپ ئاتۇشتىكى «مەھكىمە شەرئىيەت» نىڭ بىر تارمىقى بار بولۇپ، قازىخانا تەسىس قىلىنغانىدى. قازىخانىدا بىر قازى، بىر رەئىس ئاخۇنۇم ئىشلەيتتى. قازىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۈرلۈك ھۆججەتلەرگە مۆھۈر بېسىش، پاھىشىۋازلارنى دەررە بىلەن ئۇرۇپ جازالاش، جاھىل ئوغرىلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش، تۈرلۈك ماجىرالارنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۆھۈر بېسىلغان ھۆججەتنى ھەرقانداق ئورۇن ئىنكار قىلىپ بۇزالمايتتى.

قازىلار ئاساسەن مۆھۈر ھەققى ۋە قوشۇمچە ناماز چۈشۈرۈش ھەققى، ئىسقات بىلەن تەمىنلىنەتتى. ئاغۇدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قازىلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرگەنلەر ھۆسۈيۈن قازى، يۈسۈپ قازى، ئۆمەر قازى، موللاھېيت ھاجىم، ئەمەت قازى قاتارلىقلار ئىدى.

رەئىس قازىدىن كېيىنكى دىنىي رەھبەر بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەررە (تۆت قولدەك كەڭلىكتىكى، يېرىم گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىسىغا قوم ئېلىنغان، ئىككى بېشى ئېگىلگەن ساپلىق چەم تاسما) ئۇرۇش، يۈزىنى ياپماي بازارغا چىققان قىز - جۇۋانلارنى دەررە بىلەن ئۇرۇپ كەتكۈزۈۋېتىش، جۈمە، بامدات نامازلىرىدا ئەمرى - مەرۇپ (نەسىھەت) قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئاغۇدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، توختى موللام (يۇقىرىقى مەھەللىدىن)، مەھەممەت رەئىس (ئويكوچىدىن)، مەھەممەت رەئىس (قوغان ئالدىدىن) قاتارلىقلار رەئىس بولغان بولۇپ، ئۆلكە ئازاد بولغاندا مەھكىمە شەرئىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1934 - يىلى ئاغۇدا 1300 ئاھالە بار ئىدى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغۇنى بىر رايون، تۆت كەنت

# ئاغۇنىڭ 1950 - يىلىدىن كېيىنكى مەمۇري قۇرۇلمىسى

1950 - يىلىدىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ھەربىر يېزىغا بىردىن ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلىنى تورغۇزدى. ئاغۇغا زو شۆپەن تورغۇزۇلۇپ، ئاغۇ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. ئاغۇ خەلقى بۇ ئادەمنى ئىسمى بىلەن ئاتىماستىن «دەيبياۋ» (ۋەكىل) دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ كەتتى.

زو شۆپەن ئاغۇغا چىققاندىن كېيىن، 1950- يىلى بىر رايون، تۆت يېزا تەسىس قىلدى. رايونلۇق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، رايونلۇق سۇ ھەيئىتى، رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، رايونلۇق ئامانەت- قەرز كوپىراتىپى قاتارلىق مەمۇري، كەسپىي ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقتى. ئىمىن ھەسەن رايونلۇق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

1 - يېزا يۇقىرى مەھەللە بولۇپ، يېزا باشلىقى ئابابەكرى ئارىپ، 2 - يېزا ئارا مەھەللە كەنتى بولۇپ، يېزا باشلىقى يۇسۇپ ئىسمائىل، 3 - يېزا تۆۋەنكى مەھەللە بولۇپ، يېزا باشلىقى توختى موللاتاجى، 4 - يېزا لەنگەر، ئاچچىق بولۇپ، يېزا باشلىقى ئىسمائىل قۇربان بولدى.

زو شۆپەن يەنە «ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى» قۇرۇش، كەچلىك كۇرۇسلارنى مەركىزىي خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، سىنىپىي تەركىبلەرنى ئايرىش، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتىپلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى

تۆۋەنكى مەھەللە ئۈچ باۋغا ئايرىلىپ، سۇلتان، ئەخمەت بەخ
قاتارلىقلار باۋجاڭ بولدى. ئاچچىق، لەنگەر ئۈچ باۋغا ئايرىلىپ
قايىل سابىر، روزى تەتەي، ھاجى تايى ھاجى قاتارلىقلار باۋجا
بولدى. باۋلار قارمىقىدا يەنە بىر قانچىدىن «جا» قۇرۇلغان بولۇپ
ئۇنىڭ باشلىقلىرى «جاجاڭ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھال 1947 - يىل
7 - ئايغىچە داۋام قىلدى. 1947 - يىلى گومىنداڭچىلار بىتىمگ
ئەمەل قىلماي، يەنىلا ئەسلىدىكى زوراۋانلىقىنى يۈرگۈزدى. بىتىم
دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆتىگەن ھەم ئۇلارغ
ئەگەشكەنلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قاماققا ئېلىپ، بىر قىسمىنى بىر
ئايلىق نەزەربەند قىلدى. نەزەربەند قىلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى
ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق
ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. خەلق
ئاممىسى ناھايىتى مۇشكۈل، قىيىن تۇرمۇش مۇھىتىنى باشتىن
كۆچۈردى. بۇ ھال پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا، جۈملىدىن ئاغۇدا
1950 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر داۋاملاشتى.

فۇنكسىيىسىنى ھەر ھالدا ياخشىراق جارى قىلدۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. 1984 - يىلى ئاغۇدا بەش كەنتتىن تەركىب تاپقان «ئاغۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، دادۇي، شياۋدۇيلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەمۇرىي كەنت، ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتسىيەسى قۇرۇلدى.

ئاغۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەش مەمۇرىي كەنتنىڭ تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىپ چىقىلدى. 1 - مەمۇرىي كەنت يۇقىرىقى مەھەللە بولۇپ، بۇنىڭغا تاختا كۆۋرۈك، ئاسا، پاتقاق، دۆڭبېشى، قوغان ئالدى، بەيىس، ئويكوچىلار قارايدىغان بولدى. 13 ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى، 486 ئائىلە، 2323 نوپۇس، 4519 مو تېرىلغۇ يەر، 450 مو ئورمان يېرىدىن تەركىب تاپتى. 2 - مەمۇرىي كەنت تۆۋەنكى مەھەللە بولۇپ، بۇنىڭغا پاقىل، ئېرىقبېشى، بوز، بۆلە، ئۆستەڭبويى، بازار بېشى قاتارلىق مەھەللىلەر، 11 ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى، 465 ئائىلە، 2727 نوپۇس، 4595 مو تېرىلغۇ يەر، 2500 مو ئورمان يېرى، 490 مو ئوتلاق يېرى قارايدىغان بولدى. 3 - مەمۇرىي كەنت ئارا مەھەللە بولۇپ، بۇنىڭغا، ساقا، باغئېرىق، سۇزگەنلىك، باي توپى، كۆچىلا، ئارقا كوچا، جىرىملا، قاراسىڭىر (يېڭى ئاۋات) قاتارلىق مەھەللىلەر، 11 دېھقانچىلىق كوپىراتىپى، 496 ئائىلە، 2441 نوپۇس، 7400 مو تېرىلغۇ يەر، 596 مو ئورمان يېرى قارايدىغان بولدى. 4 - مەمۇرىي كەنت ئاچچىق بولۇپ، بۇنىڭغا لەنگەر، كىچىك ئاچچىق، ئارا ئاچچىق، ياقا ئاچچىق قاتارلىق كەنت مەھەللىلەر، 11 دېھقانچىلىق كوپىراتىپى، 453 ئائىلە، 2268 نوپۇس، 5500 مو تېرىلغۇ يەر، 500 مو ئورمان يېرى قارايدىغان بولدى. 5 - مەمۇرىي كەنت توغراق بولۇپ، بۇنىڭغا ئۈچ دېھقانچىلىق كوپىراتىپى، 78 ئائىلە (توققۇز ئائىلە قىرغىز)،

ئىشلىدى. ئاغۇ رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا 1 ـ قېتىم ھەسەنج
ھاشىم، ئاندىن مەيلىق ئابدۇكېرىم ئوسمان، ئىشتاچىلىق غۇل
ھاجىلارنى بېكىتتى. 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە زو شۆھن ناھيى
يۆتكىلىپ كەتتى. ئاغۇ ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق يېز
ئۆزگەرتىلىپ، تاجى ئېلى باشلىق بولدى. بۇ ھال 1958 ـ يىلىغ
داۋام ئەتتى. 1958 ـ يىلىدىن كېيىن ئاغۇ بىر كوممۇنا (گۇڭشې
غا، تۆت يېزا، تۆت باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. باشقۇرۇش
رايونلىرىنىڭ قارمىقىدا 12 دادۈي، بىر دېھقانچىلىق مەيدان، بىر
چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى.

خەلق كوممۇناسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئۆي ـ جاي،
يەر ـ زېمىن، مال ـ چارۋىلىرى، ئورمان، ئۆي سەرەمجانلىرى
خەلق گۇڭشېسىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يېمەك ـ ئىچمەككە چەك
بېكىتىلىپ، ھەممە ئادەم كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان
بولدى، خەلق ئاممىسى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۈندىن ـ
كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. بوغالتىر، كاسسىر، زاپخوز، ئاشپەزلەر
سەمرىدى. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە خەلقنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى
ئائىلىلەرگە بېرىدىغان بولدى. تۆت باشقۇرۇش رايونى بىلەن بىر
دېھقانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 ـ يىلى ئاغۇدىكى
تۆت يېزا بىلەن ئون ئىككى دادۈي بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆت دادۈي،
بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1967 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاغۇ
گۇڭشې «ئاغۇ گۇڭشې ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى
سۈرۈش 1 ـ سەپ قوماندانلىق شتابى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ
يىلى «ئاغۇ خەلق گۇڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتى» قۇرۇلدى.
1976 ـ يىلى توغراق مەھەللىسىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش
رايونى» قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاغۇ گۇڭشېسى
دېگەن نام «گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى» غا ئۆزگەرتىلىپ ئۆز

# ئاغۇلۇقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

رۇسىيىلىك ئا . ن . كوروپاتكىن ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيە» ناملىق تارىخ كىتابىنىڭ 54 ـ بېتىدە ئاغۇدىكى ئاھالە توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «ئاغۇدا 1876 ـ يىلى 300 تۈتۈنلۈك ئاھالە بار ئىكەن. بۇ يەردىكى ئاھالە باپكارلىق قىلىشىدىكەن، يەنە سوپۇن ياسايدىكەن، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ۋە قىرغىزلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشىدىكەن».

ئاغۇلۇقلار يالغۇز باپكارلىق، سوپۇن ياساش، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىكلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان. بوياقچىلىق، ياغاچچىلىق، كۆنچىلىك، موزدۇزلۇق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك تۈرلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستىلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى يىراق ـ يېقىنغا نامايان قىلغان.

قەدىمكى ئاغۇلۇقلار باپكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خام رەختلەرنى توقۇپ، كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ كەلگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا باپكارلار ئۈچ خىل رەخت توقۇيتتى. بىرىنچىسى، قىرىقلىق خام بولۇپ، بۇ خامنى قارا رەڭدە بوياپ ئەر ـ ئاياللار يازلىق ـ قىشلىق چاپان تىكىپ كىيەتتى. قىزىل شاتاۋاردىن ھەم كۆك بويىغان رەختلەردىن ئاياللار كۆڭلەك تىكىپ كىيەتتى. ھەربىر ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېۋەز تېرىيتتى. ئاياللار پاختىنى ئاختۇرۇپ يىپ ئىگىرەتتى. ھەربىر مەھەللىدە پاختا ئاتىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. لەنگەر كەنتىدىكى

384 نوپۇس (27 نەپىرى قىرغىز) ، 1584 مو تېرىلغۇ يەر، 58
مو ئورمان يېرى، 1254 مو چۆپلۈك يەر قارايدىغان بولدى.

1994 ـ يىلىغا كەلگەندە لەنگەر ئاچچىق كەنتىدىن ئايرىلى
ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كەنت قىلىپ تەسىس قىلىندى. ھاز
لەنگەرگە ئۈچ دېھقانچىلىق كوپىراتىپى، 167 ئائىلە، 927 نوپۇس
970 مو تېرىلغۇ يەر، 660 مو ئورمان يېرى قارايدۇ.

تۇرلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇرۇنقى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستىلاردىن ئارا مەھەللىلىك كەكە ئۇستا ۋە ئەۋلادلىرى، ئۇستەڭبويىدىكى ئاۋۇت ئۇستىنىڭ دادىسى ھوشۇر گومۇش، لەنگەردىكى ئاۋۇت ئۇستىنىڭ ئەۋلادلىرى، دۆڭبېشىدىكى مامۇت ئۇستا ۋە ئىنىسى تايىپ ئۇستا (بۇ ئادەم ياغاچ لوكنى ئىجاد قىلغان)، تۇردى ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ھازىرقى كۇندە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە شاگىرتلىرى داۋاملىق ئىزنى بېسىپ كەلمەكتە.

ئاغۇدا تۇنجى بولۇپ تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھۇنەرۋەن مەمتىلى ئۇستا بولۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئابلا ئۇستا، روزاخۇن ئۇستا، توختاخۇن تۆمۈرچى (مەشھەتلىك) بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، سادىر مىسكەر، جوۋچى، تۇماقچى ئەزىزاخۇن ئۇستا، ئەنجان تام ئۇستىسى روزام قوشماق، تاشباي، خىش تام ئۇستىلىرى لەنگەرلىك تۇردى ئۇستا، ئارا مەھەللىلىك قۇندىلىم ئۇستا، ھاشىم ئۇستا، بازار بېشىلىق نىياز ئۇستا، پاقىلدىكى مەمتىلى ئۇستا قاتارلىق ئۇستىلارمۇ ئۆز ھۇنەرلىرىدە يەنىلا ئاتا ھۇنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولماقتا.

روزى ئاتقۇچىغا ئوخشاش پاختا ئىتىپ نام قالدۇرغان بىرقان
كىشىلەر ئۆتكەن. رەخت ۋە يىپ بوياشتىمۇ مەخسۇس كەس
ئەھلىلىرى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تايى ئۇست
ئارىپ شاتىۋاچى قاتارلىقلار يىراق - يېقىنغا تونۇلغان بوياقچىلارد
بولۇپ قالغان.

ئاغۇ يېزىسىدا ئەجدادلار خېلى بۇرۇنلا ئۆتۈك، مەسە - كالا
قاتارلىقلارنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ تۇرتكىس
موزدۇزلۇقتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستىلارمۇ ئۆتكەن. ئەين
ۋاقىتتىكى ئۇستىلار يېڭى ئۆتۈك، مەسىلەرنى تىكىش ۋە كو
ئۆتۈكلەرنى ئۇتتاڭلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ھەرب
مەھەللە دېگۈدەك بىر - ئىككىدىن موزدۇزلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى
موزدۇزلارنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ يېزىدىكى خەلقنىڭ ئاياغ كىيىمنى
ھەل قىلىشقا بەلگىلىك قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ھازىرق
كۈندە بۇ يېزىدىكى پېشقەدەملەر ئەينى ۋاقىتتىكى موزدۇزلاردىن ئا
مەھەللىلىك ئابلا ئۇستا، ئۆستەڭبويىلىق روزى ئۇستا
ھوشۇراخۇن ئۇستا، باي توپىلىق يۇسۇپ ئۇستا، لەنگەردىك
ئالادۇن ئۇستا، لىتىپ باي، ئاچچىقتىكى پالۋان ئۇستا
قاتارلىقلارنىڭ ھۈنەرگە ماھىر ئىكەنلىكىنى زوق- شوخ بىلەن تىل
ئېلىشىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرىمۇ يەن
ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ موزدۇزلۇق كەسپى بىلە
شۇغۇللانماقتا.

ياغاچچىلىق ھۈنىرىمۇ ئاغۇدا خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگ
بولۇپ، ئەينى دەۋردە ياغاچ لوك ئىجاد قىلغان داڭلىق ياغاچچىلار
ئۆتكەن. بۇرۇنقى ئۇستىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسلىقى ئەي
ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى تەلىپى بىلەن ئ
يېپىش، كات، ساندۇق ياساش، ئىشىك - دېرىزە ياساش قاتارل

قاسىم، ئۆمەر ھاجىم تۆلەن، كامىل ھاجىم توختى، كامىل قايىل، ئابلىمىت قايىل، رازىق ھاجىم ساۋۇت، لەخەت ھاجىم زەيدىن، ھالىم بارات، رازىق ھاجىم خەلپەت، نۇرجان ھاجىم ساۋۇت، ساتتار ھاجىم زەيدىن، تۇرغۇن ۋايىت، خالۋاي توختى، ئىبراھىم قادىر، مۇلۇك ھاجىم، خېلىل ھاجىم موللا مۇسا، تۇرسۇن ھوشۇر، توختى موللا مۇسا، يۇسۇپجان موللاۋلا، ياسىن (ئاقشاق)، لەخەت تاجى، ئەركىن خودەدەم، جۇرى رەجەپ، ئەمەتجان ھاجىم نۇرجان، ئالىم ساۋۇت، ئابلاجان قۇربان، ئەكبەر رىھىم، ئەمەتجان بارات، تۇرسۇن ھاجىم، مامۇت ئوبۇل، خەمىت ئىسمايىل ... قاتارلىقلار ھەرخىل شەكىلدىكى تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشتىكى پەم ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇل تاپقاندىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە يۇرتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش، تۇرلۇك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سېلىشتا تەشەببۇسكار روھىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان بىر قانچىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرىمىز.

## موللا قۇۋانباي (بورانباي)

1855 ـ يىلى ئاغۇ يېزا ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ كۈچلا دېگەن يەردە تۇغۇلغان. 1875 ـ يىلى ئاكىسى موللا قۇتلۇق بىلەن ئىلىغا چىقىپ كېتىپ، سۇيدۇڭگە ئورۇنلىشىپ بىر مەزگىل قېيىق بىلەن دەريادا ئادەم توشۇپ جاھاندارچىلىق قىلغان. 40 ياشلارغا كىرگەندە غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن قوي ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئورنىغا چاي، چىنە، چېلەك، قازان قاتارلىق تۇرمۇش

# ئاغۇلۇقلارنىڭ سودا ھاياتىغا بىر نەزەر

ئاغۇ قەدىمىي يۇرت بولۇش سەۋەبلىك بۇ يۇرتتا ياشاپ كەلگەن كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يۇرتتىن چىققان بىر قىسىم سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ زور ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇكى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا سودىدا ئالاھىدە روناق تاپقان بايلاردىن روزى قارى پولات، قۇۋانباي (لەقىمى بورانباي)، ئىمىن ھاجىم، مەتقۇۋان ھاجىم، دۇما ھاجىم، ياقۇپباي، تۆلەغوجى باي، موللا مۇسا ھاجىم، كېپەك ھاجىم، ھوشۇر ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ نامى يىراق- يېقىنغا مەشھۇر ئىدى.

1950 - يىلىدىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۆز ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھالال مېھنىتى ئارقىلىق تۈرلۈك سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇرۇپ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن، پۇل تاپقاندا ھەر ۋاقىت يۇرتنىڭ تەرەققىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى تىكلىگەن ھەم تىكلەۋاتقان بايلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئاشماقتا. ھازىرقى كۈندە بۇ يۇرتنىڭ قوينىدا يېتىلىپ ھەرقايسى جايلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەردىن يۈسۈپ ھوشۇر، رىشىت قايىل، مەھەممەت سوپى، مەھەممەت ھاجىم

بىرقانچە نۇۋەتلىك ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

كېيىنچە ئۇ يەنە شاڭخەيگە كىرىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1962 ـ يىلى شاڭخەيدە ۋاپات بولغان.

روزى قارى ئۆز زامانىسىدا غۇلجىدىكى ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىپ تەقدىم قىلغان.

## موللا مۇسا ھاجىم

1918 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنتى ئۈستەڭبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ ماكانلىشىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ئاغۇدىن چىققان باللارغا ھەرۋاقىت كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە بەزىلىرىنى ئۆزى يېتەكلەپ، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىر قىسىم ئىگە ـ چاقىسى يوق، ئۆي ـ ماكانسىز ياشلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئائىلىسىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان. 40 يىل جەريانىدا ئۇ 200 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق نامراتقا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

خەير ـ ساخاۋەتلىك بۇ زات 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى توختى موللا مۇسامۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھەر ۋاقىت يۇرتداشلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، يار ـ يۆلەك بولماقتا.

بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ ساتقان. 1914 - يىلى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 40 مىڭ تۇياق قوي يۆتكەپ ئون مىڭ تۇياقنى ئاغۇغا ئەكىلىپ يۇرتداشلارغا ئەرزان باھادا سېتىش بىلەن بىرگە بىر قىسمىنى نامراتلارغا ھەقسىز بېرىۋەتكەن. 1916 - يىلى سۇيدۇڭدە 300 مو يەر سېتىۋېلىپ ئاغۇدىن ئون ئائىلىلىكنى ئەپچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇ يەردە «ئاغۇ مەھەللىسى» نى بەرپا قىلغان. ھازىر بۇ ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاغۇلۇقلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپەيگەن. 1936 - يىلى بورانباي كېسەل سەۋەبى بىلەن سۇيدۇڭدە ۋاپات بولدى. ھازىر ئۇنىڭ بىر قىزى قورغاس 66 - تۇەندە ئولتۇراقلاشقان. ئوغلى ئابدۇرېھىم 1945 - يىلى سۇيدۇڭدىن ئاغۇغا قايتىپ ئورۇنلاشقان. نەۋرىلىرىدىن ھۆرىگۈل ھاجىم ئۈرۈمچىدە، زەينەپ سۇلايمان ئاغۇدا ئولتۇراقلاشقان.

## روزى قارى پولات

1909 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۈچ ياش ۋاقتىدا تاغىسى قاسىم ھاشىم غۇلجا شەھىرىنىڭ نوغايكوردقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىنىلىرى قۇناخۇن، تۇردى ئاخۇنلار بىلەن بىرلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىرقانچە يىلدىن كېيىن تېزلا باي بولۇپ، شۇ يەردە تۇرمۇش قۇرۇپ پەرزەنتلىك بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن 42 مىڭ تۇياق قوي، مىڭ تۇياق ئات - كالا قاتارلىق چارۋىلارنى ۋە ئۆزى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان ئىلى ئالىي مېھمانخانىسىنى، تاشلەپكىدىكى ياغ زاۋۇتىنى، 100 كىلوگرام ئالتۇن قاتارلىقلارنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ

بىرقانچە نۆۋەتلىك ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

كېيىنچە ئۇ يەنە شاڭخەيگە كىرىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1962 ـ يىلى شاڭخەيدە ۋاپات بولغان.

روزى قارى ئۆز زامانىسىدا غۇلجىدىكى ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىپ تەقدىم قىلغان.

## موللا مۇسا ھاجىم

1918 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنتى ئۈستەڭبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە چىقىپ ماكانلىشىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇرۇمچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ئاغۇدىن چىققان باللارغا ھەرۋاقىت كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە بەزىلىرىنى ئۆزى يېتەكلەپ، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىر قىسىم ئىگە ـ چاقىسى يوق، ئۆي ـ ماكانسىز ياشلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئائىلىسىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان. 40 يىل جەريانىدا ئۇ 200 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق نامراتقا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

خەير ـ ساخاۋەتلىك بۇ زات 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى توختى موللا مۇسامۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھەر ۋاقىت يۇرتداشلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، يار ـ يۆلەك بولماقتا.

بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ ساتقان. 1914 ـ يىلى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 40 مىڭ تۇياق قوي يۆتكەپ ئون مىڭ تۇياقنى ئاغۇغا ئەكىلىپ يۇرتداشلارغا ئەرزان باھادا سېتىش بىلەن بىرگە بىر قىسمىنى نامراتلارغا ھەقسىز بېرىۋەتكەن. 1916 ـ يىلى سۇيدۇڭدە 300 مو يەر سېتىۋېلىپ ئاغۇدىن ئون ئائىلىلىكنى ئەپچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇ يەردە «ئاغۇ مەھەللىسى» نى بەرپا قىلغان. ھازىر بۇ ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاغۇلۇقلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپەيگەن. 1936 ـ يىلى بورانباي كېسەل سەۋەبى بىلەن سۇيدۇڭدە ۋاپات بولدى. ھازىر ئۇنىڭ بىر قىزى قورغاس 66 ـ تۇەندە ئولتۇراقلاشقان. ئوغلى ئابدۇرېھىم 1945 ـ يىلى سۇيدۇڭدىن ئاغۇغا قايتىپ ئورۇنلاشقان. نەۋرىلىرىدىن ھۆرنگۇل ھاجىم ئۇرۇمچىدە، زەينەپ سۇلايمان ئاغۇدا ئولتۇراقلاشقان.

## روزى قارى پولات

1909 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۈچ ياش ۋاقتىدا تاغىسى قاسىم ھاشىم غۇلجا شەھىرىنىڭ نوغايكوردىقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىنىلىرى قۇناخۇن، تۇردى ئاخۇنلار بىلەن بىرلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىرقانچە يىلدىن كېيىن تېزلا باي بولۇپ، شۇ يەردە تۇرمۇش قۇرۇپ پەرزەنتلىك بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن 42 مىڭ تۇياق قوي، مىڭ تۇياق ئات ـ كالا قاتارلىق چارۋىلارنى ۋە ئۆزى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان ئىلى ئالىي مېھمانخانىسىنى، تاشلەپكىدىكى ياغ زاۋۇتىنى، 100 كىلوگرام ئالتۇن قاتارلىقلارنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ

قىلغان، 1988 ـ يىلدىن هازىرغا قەدەر يۈك، تىۋىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

رىشىت قايىل پۇل تاپقاندا يۇرتداشلىرىنى، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى هەرۋاقىت ئېسىدە ساقلاپ كەلدى. 1995 ـ يىلدىن هازىرغا قەدەر يۇرتىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، يول ـ كۆۋرۈك ياساش ئىشلىرىغا، نامرات ئائىلىلەرگە ئىقتىسادىي جەهەتتىن ياردەم قىلىشقا پۇل سەرپ قىلىپ كەلدى. 1998 ـ يىلى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 170 مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ، لەنگەر باشلانغۇچ مەكتىپىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. هازىرغا قەدەر تۈرلۈك خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن پۇلى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇ 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپنى قوللاش ئۈلگىسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

## مۇهەممەت هاجى قاسىم

1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەهەللە كەنت كۇدا پەچىمدە تۇغۇلغان. 1962 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1974 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. 1974 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1980 ـ يىلىغا قەدەر ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق، تۆۋەنكى مەهەللە كەنتلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1980 ـ يىلى ئاتۇش شەهەرلىك تاشقى سودا ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن. بۇ ئورۇندا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە بارغان.

## مەھەممەت سوپى

1949 - يىلى ئاغۇ يېزا لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1957 - يىلدىن 1962 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1962 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە موزدۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1965 - يىلدىن 1981 - يىلىغىچە ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1982 — يىلىدىن ئېتىبارەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىرغا قەدەر يۇڭ، تۆۋت سودىسى، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەھەممەت سوپى ئاغۇ يېزىسىدا تۇنجى بولۇپ مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قوللاپ ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسىنى نامايان قىلغان كىشى. ئۇ 1987 - يىلى ئۆز يېنىدىن ئون نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ لەنگەر باشلانغۇچ مەكتەپىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى تەرىپىدىن «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دېگەن نام بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇرتىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرى ۋە مەنىۋى - مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىزچىل تۈردە ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## رىشىت قايىل

مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر يەككە تىجارەتچى رىشىت قايىل 1952 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1970 - يىلدىن 1979 - يىلىغىچە موزدۇزچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1979 - يىلدىن 1988 - يىلىغىچە قاسساپلىق

# ئاغۇدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى

ئاغۇ خەلقى سەنئەتخۇمار خەلق بولۇپ، ھەرقانداق بىر توي، ئولتۇرۇشلار نەغمە - ناۋاسىز بولمايدۇ. تارىختىن بېرى بۇ يۇرت خەلقى ناخشا - سازدىن ئىبارەت ئىنسانغا سېھرىي مۇڭ بېرىدىغان سەنئەت ۋاستىلىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، سازەندىلەرنى، خەلق ناخشىچىلىرىنى ھەرۋاقىت ئەزىزلەپ كەلدى.

بۇ يۇرتتىن ئىلگىرى چىققان ئەلنەغمىچى، سازەندىلەردىن دايىم ئەشرەپ، ھاجى ئەشرەپ (ئەلنەغمىچى)، راۋاپچى ئابدۇرىشىت ھەسەن، رېھىم تومبۇك، قوۋان راۋاب، داپچى ۋاسىل، ئۇسسۇلچى خاكى ھاجى، كانايچى تاشۋاي، سىيىت ساتارچى قاتارلىقلارنىڭ نامى يىراق - يېقىنلارغا تونۇلغان بولۇپ، بەزىلىرى تۇرلۇك چوڭ تىپتىكى مۇسابىقىلەردە نەتىجىگە ئېرىشكەن. بەزىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى «شىنجاڭ مۇقام پېشىۋالىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئاغۇدا يەنە ئەيسا روزام، قۇربان تاش، تۇرسۇن ھاشىم، ئېلى ھوشۇر، ئازاد قادىر، ئەمەتجان قادىر، ساتتار، ئىبراھىم، كامىل تۇرسۇن، تۇرغۇن مەمەت قاتارلىق بىر ئەۋلاد ئىزباسارلار چىقىپ، ئاغۇنىڭ تۇرلۇك ئولتۇرۇش - بەزمىلىرىنى جانلاندۇرۇپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ۋەكىل خاراكتېرلىك بىرقانچە كىشىنى تونۇشتۇرىمىز.

مۇھەممەت ھاجى پۇل تاپقاندا يۇرتداشلىرىنى، ئەزىز يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇرت سۆيەر ئىرادىسىنى نامايان قىلغان بولۇپ، 1986 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە ئاغۇ مەركىزىي جامە (چوڭ مەسچىت) نى ئۆمەر ھاجى تۆلەن بىلەن بىرلىشىپ قايتىدىن ئازادە، كۆركەم قىلىپ قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەنە يۇقىرىقى مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلىپ، مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسىنى نامايان قىلغاچقا، 1991 - يىلى ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان.

مۇھەممەت ھاجى ھازىر يەنىلا سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

بولغان يۇرت پېشقەدەملىرى «خاكى هاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى روزامنىڭ بىر كۈنىمۇ مۇقامسىز ئۆتكەن ئەمەس» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

خاكى هاجىنىڭ نەۋرىسى ئەيسا روزام بۇ ئائىلىدىن چىققان 4 ـ ئەۋلاد مۇقامچى بولۇپ، هازىر 59 ياشتا. ئۇ دادىسىدىن ئون ئىككى مۇقامنى ۋە يېقىملىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى خېلىلا تولۇق ئۆگىنىۋالغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇمۇ باشقا مۇقام پىشىۋالىرىغا ئوخشاش تارتىپ چىقىرىلىپ، بىر مەزگىل «گېزەندە» قىلىۋېتىلگەن، كېيىن ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئەيسا روزام 1950 ـ يىللاردا ئاتۇش ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. ئۇ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ئاتۇش سەيلىسى» بەدىئىي فىلىمىدە ئۇسسۇلغا چىققان. هازىر ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. هازىرقى كۈندە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئەمرىللا، هەسەنجان قاتارلىقلارمۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئاغۇلۇقلارنىڭ مەشرەپ، تويلىرىدا لەرزان ئۇسسۇللىرى بىلەن «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى» سانىلىپ كەلمەكتە.

## شاھ تاي

شاھ تاي 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشهۇر مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچى بولۇپ، ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەهەللە كەنت كۆدا پەچىمدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. شاھ تاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن قۇناخۇن تالىپ (1898 ـ 1985)، مۇهەممەت تالىپ (1890 ـ 1965) ئاكا ـ

## خاكى هاجى ۋە باللىرى

خاكى هاجى ئاغۇ يېزىسىدىن بولۇپ (تەخمىنەن 1842 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىللارغىچە ياشىغان)، ئۆز دەۋرىدە نامى چىققان مۇقامچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئون ئىككى مۇقامنى دادىسى شاھ ھېلىمدىن (1785 ـ يىلىدىن 1860 ـ يىللاردا ياشىغان) ئۆگەنگەن. شاھ ھېلىم ئاغۇ يېزىسى بويىچە ئەتراپلىق يېتىلگەن ۋە پىشقان مۇقامچى بولۇپ، راۋاب، دۇتار چېلىش بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇ ئۆزۈنىڭچە پەرزەنت كۆرەلمەي ئاخىرى بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغاچقا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇ ئارزۇلۇق بالىسىغا «كۆز تەگمىسۇن» دەپ ئىسمىنى خاكى (توپراق) دەپ قويغان. ئۇ ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئارقىسىغا سېلىپ توي، مەشرەپ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرغان ھەمدە كۆڭۈل قويۇپ مۇزىكا ۋە مۇقام ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندە دادىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقامچى ۋە سازەندە بولۇپ يېتىشكەن.

يۇرتىنىڭ ئىچىدە خاكىنىڭ نامى چىققان مەزگىللەردە بۇ يۇرتتىكى مەتنىياز باي ھەجگە جابدۇنۇپ، سەپەر ئۈستىدە زېرىكمەي قالماسلىق ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىغا قارىتىش ئۈچۈن، خاكىنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى «خاكى ھاجى» بولغان. خاكى ھاجىمۇ بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ، ئىسمىنى روزام دەپ قويىدۇ، روزاممۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ساز چېلىش، ناخشا، مۇقام ئېيتىش جەھەتلەردە يېتىشىپ دادىسىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ. ئۇمۇ بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتىپ 1966 ـ يىلى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھازىر ھايات

## دايىم ئەشرەپ ۋە ھاجى ئەشرەپ

دايىم ئەشرەپ 1885 - يىل ھاسا (ھازىرقى ئاسا) مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1970 - يىلى لەنگەر كەنتىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ھاجى ئەشرەپ 1880 - يىلى تۇغۇلۇپ 1949 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇ ئىككى ئاكا- ئۇكا ئەينى ۋاقىتتا مۇقام ۋە ساماغا پىشقان خەلق سازەندىلىرى ئىدى. دادىسى ئەشرەپ ھاجىممۇ ئۆز زامانىدا تونۇلغان مۇقامچى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن.

دايىم ئەشرەپ ۋە ھاجى ئەشرەپلەر دادىسىنىڭ سەنئەت كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ يۇرت ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك مەشرەپلەردە ۋە تويلاردا ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، يۇرت خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1951 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار خەلق ناخشا- مۇقاملىرىنى توپلاشقا كەلگەندە، بۇ ئىككى ئاكا- ئۇكىنىڭ بىرقانچە نومۇرلىرىنىمۇ سىمغا ئالغان.

## كانايچى تاشۋاي

1869 - يىلى تۇغۇلغان، 1949 - يىلى تۆۋەنكى مەھەللە بوزدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

تاشۋاي سۇناي چېلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى تونۇلغان تومبۇكچى رېھىم تومبۇك بىلەن بىرلىشىپ ھېيت- ئايەم، توي - بەزمىلەردە ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. تاكى ئۆمرىنىڭ

ئۆكىلار بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمىچىلىك قىلىپ ناغرا، سۇناي، راۋاب، داپ، تاش، ساپايى قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى قورال قىلىپ، مۇقامنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، يۇرتمۇ يۇرت تارقىتىپ كەلگەن ۋە خەلق ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمىچىلىك قىلىش ئۇسۇلى شۇ ئەسىر سىگانلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇلار تۈرلۈك ساز قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ، مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، قەيەردە كەچ بولسا، شۇ يۇرتتا قونۇپ قالغان.

بىر قېتىم ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمە قىلىپ يۇرت ئارىلاپ ماڭغىنىچە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ تاكى بېيجىڭغىچە بارغان. بېيجىڭدا تەڭلىپكە بىنائەن خان ئوردىسىغا كىرىپ ئويۇن قويۇپ شۆھرەت قازىنىپ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى شاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ئويۇن قويغان ئالاھىدە خاتىرىسى ئۈچۈن «شاھ تاي» (ئەسلىي ئىسمى تالىپ بولسا كېرەك) دەپ ئاتىغان.

شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە بىر- بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ مۇقام ئېيتىپ، ئەلنەغمە قىلىپ، ئىسسىق - سوغۇق، كۆڭۈللۈك- كۆڭۈلسىز كۈنلەردە ئەل بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇقامغا، سەنئەتكە قىزغىن مۇھەببەت باغلاپ ئۆتكەن مەنىلىك، قىزىقارلىق ھاياتىنى كەڭ ئاممىا ھېلىمۇ چوڭقۇر سېغىنىپ، ئەسلەپ كەلمەكتە.

ئاغزى مازار مەكتەپتە قۇرۇلغان «تىياتىر گورۇپپىسى» نىڭ راۋاپچىسى بولغان. 1956 - يىلى خەلق سازەندىلىرى تەركىبىدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بېرىپ، راۋاب ئارقىلىق ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.

ئابدۇرېشىت ھەسەن خەلق ئاھاڭلىرىنى راۋاب ئارقىلىق ئورۇنلاشتا ماھىر بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا «تاشۋاي»، «ئۆرگىلەي» قاتارلىق مۇزىكىلارنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئورۇنلاپ، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. 1959 - يىلى مازار مەكتەپتىكى «تىياتىر گورۇپپىسى» تارقىتىۋېتىلگەندە بۇ ئادەممۇ قايتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئاخىرىغىچە سۇناي (كاناي) نى يېنىدىن ئايرىماي بوش ۋاقىت بولسا چېلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سەنئەت ھوزۇرى بەخش ئەتكەن.

ھازىرقى كۈندە بىر قىسىم ئەۋلادلىرىمۇ دۇتار قاتارلىق سازلار بىلەن خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلمەكتە.

## قوۋان راۋاب

1889 - يىلى ئاغۇ يېزا تۆۋەنكى كەنت ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، راۋاب چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولغان. ئۆز زامانىدا تونۇلغان سىيىت ساتارچى بىلەن بىرلىشىپ يېزا تەۋەسىدىكى توي، مەشرەپلەرگە ئالاھىدە سەنئەت ھوزۇرى بەخش ئەتكەن.

قوۋان راۋاب ناخشا ئېيتقان سورۇنلار كىشىلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرگەن. كېيىنچە قوۋان راۋاب تېكەس ناھىيىسىگە چىقىپ كېتىپ، 1979 - يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

ھازىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان تۇرسۇن ئاشۇقمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ دۇتار چېلىشتىكى بەلگىلىك ماھارىتى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ سازەندىسىگە ئايلاندى.

## ئابدۇرىشىت ھەسەن

1922 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1961 - يىلى ۋاپات بولغان. 1940 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە

10 ـ 20 تەبىئىي بۇلاقلاردا سۇلار بۇلۇقلاپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق گۈزەل تەبىئىي شارائىت بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنى تېخىمۇ سالقىن، تېخىمۇ ئارامبەخش قىلىۋېتىدۇ. يازنىڭ ئىسسىقىدا بۇ ئارامگاھ كىشىگە ھەقىقەتەن جەننەت ھۇزۇرى بەخش ئېتىدۇ. بۇ ساياھەت رايونى ئەتراپىدا 4 ـ 5 كىچىك ماگىزىنلار ۋە بىرقانچە ئورۇندا كاۋاپخانىلار بولۇپ، ساياھەت ئورنىغا كىرگەنلەردىن ساياھەت ھەققى ئېلىنمايدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى بۇ ئورۇنغا ساياھەتكە چىقىدىغانلارنىڭ سانى ھەر يىلى 3000 ـ 4000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى.

# ئاغۇدىكى مەشھۇر سەيلە ـ ساياھەت ئورۇنلىرى

ئاغۇ يېزىسىنىڭ سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ، كىشىلىرى تىرىشچان، مېھماندوست بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بۇ ئورۇنغا چىقىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم تەبىئىي ساياھەت رايونلىرىنىڭ مۇھىتىنىڭ گۈزەللىشىشى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ساياھەت رايونلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە يېزىنىڭ ساياھەتچىلىكتىن قىلىدىغان كىرىمى يىلسېرى ياخشىلىنىپ، ئاتۇش شەھىرى بويىچە ساياھەتچىلىك ئەڭ جانلانغان، ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلغان ئارامگاھلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ ئورۇندا كىشىلەرگە تونۇش بولغان بىرقەدەر داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرىدىن «لەنگەر بۇلاق ساياھەت رايونى» ، «جاي پەچىم ساياھەت رايونى» ، «ئاغۇ سۇ ئامبىرى ساياھەت رايونى» ، «توغراق ئامبار ساياھەت رايونى» قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «لەنگەر بۇلاق ساياھەت رايونى» بىلەن «ئاغۇ سۇ ئامبىرى ساياھەت رايونى» بىرقەدەر ئاۋات.

لەنگەر بۇلاق ساياھەت رايونى ئاتۇش شەھىرى بىلەن ئاغۇ يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېزا تاشيولىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن بىرنەچچە كىلومېتىر مۇساپە كېلىدۇ. ياز كۈنلىرى 100 مو دائىرە ياپيېشىل چىملىقلارغا پۈركۈلۈپ، دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۈزۈك سۇلار مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا

مەكتەپ بار ئىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھۇجرا، گۇمبەز، قەبرە، ئازنا مەسچىتلەرنى بۇزغاندا مەكتەپمۇ شۇ قاتاردا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ مەكتەپ ھازىرقى ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋالىبول مەيدانىغا توغرا كېلەتتى. ھۇجرا، گۇمبەز، مەسچىتلەر بولسا ھازىرقى ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تەنتەربىيە مەيدانىدا ئىدى.

بۇ مەزگىلدىكى مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىرى ئاساسلىقى موللا ھېيت ھاجىم، تاجى ئاخون خەلپىتىم، ھۇسەيىن قازى قاتارلىقلار ئىدى.

يۇقىرىقى خانىقادىن باشقا يەنە، ئاغۇنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە، تۆۋەنكى مەھەللە، لەنگەر قاتارلىق كەنت مەھەللىلىرىدىمۇ كىچىك تىپتىكى خانىقا (دىنىي مەكتەپ) لەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەلۇم ساندىكى شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان. بۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقى مەھەللىدىكى خانىقا شەيخ ھەزرەت نامىدا ئاتىلىپ «شەيخ ھەزرەت خانىقاسى» دېيىلەتتى. بۇ خانىقا يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ تاختا كۆۋرۈك دېگەن يېرىدە بولۇپ، قورغاننىڭ غەرب تەرىپىدە مەسچىت، شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدە پېشايۋانلىق دەرسخانا، ياتاق، ئاشخانىلار بار ئىدى. خانىقانىڭ ئاساسلىق مۇدەررىسلىرى ئەمەت قازى، توختى موللام، ساۋۇت ئاخۇن خەلپەت، مەمتىلى موللا قاتارلىقلار ئىدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇ خانىقامۇ بۇزۇۋېتىلگەن.

تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىدە مەخسۇمناملىق خانىقا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خانىقانىڭ ئورنى پاقىلدىكى «دەندار ئاخۇنۇم» نىڭ ئايىغىدا ئىدى. غەرب تەرىپىدە مەسچىت، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىدە پېشايۋانلىق دەرسخانا، ياتاق، ئاشخانىلار بار ئىدى. بۇ خانىقا تۆتەنلەشتۈرۈش مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن.

# ئاغۇدا دىنىي مائارىپ

ئاغۇدا ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللەنگىنىگە مىڭ يىللاردىن ئاشتى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىدا قاراخانىيلار خانلىقىدىن تارتىپلا ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەر بەرپا قىلىنغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا تاكامۇللىشىپ كېڭىيىپ بارغان.

ئاغۇدا دىنىي مەكتەپلەر ئىچىدە 1958 - يىلىغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن بىرقەدەر داڭلىق بولغىنى قەمبەرۋەلىدىكى مەدرىسە بولۇپ، ئۆز زامانىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا دىنىي ئەقىدىلەرگە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان. بۇ مەدرىسە قەمبەرۋەلىدىكى رىدىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، بىر دالان، ئىككى دەرسخانا بار ئىدى. رىدىنىڭ غەرب تەرىپىدە بولسا تالىپلارنىڭ ياتاق ۋە ئاشخانىلىرى قوشۇلۇپ ئون ئېغىز ئۆي ۋە ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەمبەرۋەلىنىڭ گۈمبىزىگە كىرىدىغان كارىدور بار بولۇپ، كارىدوردىن گۈمبەزنىڭ هويلىسىغا كىرگىلى بولاتتى. هويلىنىڭ جەنۇبىدا ئىككى قەبرە بولۇپ، بىرى موللا هېيت هاجىمنىڭ قەبرىسى، يەنە بىرى 1933 - يىلى ئاغۇدىكى تۇڭگانلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغان خوجىنىياز هاجىنىڭ ئەسكىرى توقسۇنلۇق مۇقىيىتنىڭ ئوغلى ئابلىمىتنىڭ قەبرىسى ئىدى.

هوجرىنىڭ ئايىغىدا بىر ئازنا مەسچىتى بار بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئايىغىدا 1935 - يىلى يۇقىرىقى مەهەللە خەلقى بىلەن تۆۋەن مەهەللە خەلقى سالغان بىر دالانچە، ئىككى سىنىپلىق كىچىك

# ئاغۇدا يېڭى مائارىپ

ئاغۇ خەلقى پەن- مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن خەلق بولۇپ، ئىلىم ئىگىلەش، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىپ كەلگەن. ئاغۇدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھەرقايسى جايلاردىن بىلىم ئىگىلەپ كەلگەن موللىلار ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇپ كەلگەن. بىراق، دىنىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان دەرسلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي ئەقىدىلەرگە دائىر بولغاچقا، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيە سىڭدۇرىدىغان بىر مەرىپەت بۇلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1934 - يىلى ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ئاتۇشتا قوزغىغان ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپ ھەرىكىتى جەريانىدا ئاغۇ يېزىسىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە بىرلا ۋاقىتتا مەكتەپ ئېچىش مەقسىتىدە ئاغۇدىمۇ بىر ئورۇندا مەكتەپ بىنا قىلغان. بۇ مەكتەپ ئاغۇدىكى چوڭ جامە ھېسابلىنىدىغان «ئازنا مەسچىت» نىڭ يېنىدىكى «قەمبەر ئۇلۇم مازىرى» بار چوڭ مازارلىققا بىنا قىلىنغان بولغاچقا، ئاغۇلۇقلار بۇ مەكتەپنى «مازار مەكتەپ» دەپ ئاتاشقان. ئىككى سىنىپلىق مازار مەكتەپكە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، 24 ياشلىق ئابلىز قارىم بىلەن ئەيسا ئاخۇن ئەپەندى يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە ئاتا - ئانىلار بەس - بەستە بالىلىرىنى يېتىلەپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ

خانقانىڭ ئاساسلىق مۇدەررىسلىرى يىكچى ئىشان موللام، يۇسۇپ هاجى خەلپەت، موللا ياقۇپ داموللا، ئابدۇكېرىم داموللا قاتارلىقلار ئىدى.

لەنگەردىكى دىنىي مەكتەپنىڭ ئورنى هوشۇر هاجىنىڭ ئۆيى ئالدىدا بولۇپ، بىر دالانچە، بىر دەرسخانا بار ئىدى. ئاساسلىق مۇدەررىسلىرى هۇسەن موللام، كېرەم موللام، هوشۇر موللا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى (تالىپلار) تولىسى ياتاقلىشىپ ئوقۇيتتى. لەنگەردىكى دىنىي مەكتەپنىڭ ئورنىغا 1935 - يىلى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغانىدى.

بۇ مەزگىلدە ئېچىلغان خانىقا ۋە مەدرىسەلەردە ئاساسلىقى سەرپ، مۇختىسەر، شىپايى (ئەرەب لۇغىتى)، شەرهى موللا، هىدايەت، تەپسىر، ئەرەبچە - پارسچە هۆسنخەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. قۇرئان ئوقۇش، سوپى ئاللىيار، نەۋائى ئەسەرلىرى قاتارلىقلارنى ئوقۇشمۇ بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇ مەزگىلدە مۇدەررىس ۋە خەلپەتلەرنىڭ تەمىناتى خانىقالارنىڭ ۋەقفە يەرلىرىنى تېرىۋېلىش ئارقىلىق كېلەتتى. خەلپەتلىرىنى تالىپلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پەيشەنبىلىك، ئايەملىك ۋە دېهقانچىلىق هوسۇلىنىڭ خەلپەتلەر ئۈچۈن ئايرىپ قويغان ئۆشرە - زاكاتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. دىنىي مەكتەپلەر ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان يېقىلغۇنى تالىپلار ئۆزلىرى هەل قىلاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئاغۇدا بەرپا قىلىنغان خانىقا ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى گەرچە بىرقەدەر ئاددىي بولسىمۇ لېكىن، يەنىلا ئەينى دەۋردە ئۆزىنىڭ هەرقايسى تەرەپلەردىكى رولىنى مەلۇم دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، بەلگىلىك ئىجابىي رول ئويناپ كەلگەن شۇنداقلا ئاغۇدا تۇنجى تۈركۈمدىكى تەلىم - تەربىيە ئورگىنى بولۇپ قالغان

تاجى، ئابابەكرى ئارىپ، ئوسمان توختى، ئابلىز يانتاق؛ تۆۋەنكى مەھەللىدىن: ئىمىنجان ئابدۇرىشىت، تىلىۋالدى، موللا مۇسا ئىبراھىم، سېتىۋالدى، مامۇت دوكا، ئېلاخۇن (قۇربانوۋ)، مامۇت ئەمەت؛ لەنگەردىن: سىدىق ھەسەن، ھەسەن روزى، روزى ئىمىن، ئابدۇكېرىم ياسىن، تۇردى نەزەر؛ ئاچچىقتىن: ئىبراھىم قارىي، مەھەممەت، ئابدۇقادىر ھوشۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئابلىز قارىي جامال، ئەيسا ياسىن، ئابلا قادىر، سىدىقجان تۇردى (بۇلار ئاغۇلۇق)، ئابلىكىم قارىي ھاجى (بۇيامەتتىن) قاتارلىقلار ئىدى.

1936 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ يېڭىچە مەكتەپتە ھېساب (ماتېماتىكا)، ئىملا - قىرائەت (تىل - ئەدەبىيات)، تەنتەربىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەشيا (تەبىئەت)، ھىبزى سىھھەت (ساغلاملىق)، قول ھۇنەر (رەسىم سىزىش، مودېل ياساش) قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل (ئۈچ يىل باشلانغۇچ، ئىككى يىل تولۇقسىز) قىلىپ بېكىتىلگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەكتەپ قۇرۇلۇپ تۇنجى قەدەمدىلا ئوقۇتۇش سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، قائىدە - تۈزۈملىرى ناھايىتى چىڭ، تەربىيىلەش ئەتراپلىق بولغاچقا، مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا قىزلاردىمۇ ئوقۇش ئارزۇسى كۈنسايىن ئۇلغايدى. بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن، 1935 - يىلى تۇنجى قېتىم 25 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئاياللارغىمۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشنىڭ تۇنجى قېتىملىق زەپەر دەرۋازىسى ئېچىلدى. بۇلار خەلىچىخان خانىم، شەرۋانە مەھەممەت، ناخان ياسىن، ھەلىمىخان ئىسمايىل، ئايخان توختى، ئايخان ئاخۇنبەك، نۇخان كەنجى، تۇخان ئەمەت، تاجىخان يۇسۇپ، تۇرسۇنخان نىياز موللا،

پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەش ئارزۇسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بەزىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، تۇنجى تۈركۈمدە 600 نەپەر بالا تىزىمغا ئالدۇرغان. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ بىرىنچىدىن، يېڭى قۇرۇلغان، سىنىپ سانى ئاز بولغاچقا، ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلار يېتەرلىك بولمىغاچقا، پەقەت ئىككى سىنىپقا 80 دىن جەمئىي 160 نەپەر بالىنى قوبۇل قىلىپ، قالغانلىرىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يېشى چوڭراق بالىلاردىن ئىككى سىنىپقا 100 نەپەردىن قوبۇل قىلىپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلاردىن يېشى چوڭراقلاردىن 80 نەپەرنى تاللاپ يېشى كىچىكلەرنى ئائىلىسىگە قايتۇرغان. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تاماملانغاندىن كېيىن، رەسمىي ئوقۇش باشلىنىپ يېڭى مائارىپنىڭ تۇنجى مەشئىلى 1935 ـ يىلى تاغلار ئارىسىدىكى بۇ خىلۋەت زېمىندا رەسمىي تۇتاشتۇرۇلغان. ئابلىز قارى مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

1935 ـ يىلى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئارا مەھەللىدىن: باتۇر ئىمىن، مەھەممەت تۇردى، ئارىپ روزى ئابدۇراخمان قۇربان، مۇھەممەت كەكە، پەيزۇللا روزى، ھېيت پالتۇ، ئابىجىق ماموت ئۇستا، تاجى يۈسۈپ، ھاموت مەمتىلى قوناق، شەمشىدىن قابىل، ناسىر ئوسمان، ئابلىز قازى، ھەسەنجان ھاشىم، خەيرىدىن قاسىم؛ دۆڭبېشىدىن: ئابلىز ھوشۇر، توختىمەت ھوشۇر، ئاببas قۇربان، ياسىن توختەم، ئابدۇرېھىم لەپەڭگە، مەھەممەت تۇردى، ئارىپ ھوشۇر، ئابدۇرىشىت مەھەممەتخان، ئابدۇراخمان ساۋۇت، تىلىۋالدى توختەم، سەيدىن ئىبراھىم؛ يۇقىرىقى مەھەللىدىن: ئابدۇقادىر سابىت، مەتسايىت

(بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغىزلىق) قاتارلىقلار سەپكە قېتىلىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى سانى توققۇزغا يەتتى. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتتا 1939 - يىلىغا قەدەر ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇ مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچىلارغا بىرەر ھۆكۈمەت تارمىقى ياكى كوللېكتىپ ئورنى مۇقىم ئىش ھەققى بېرىدىغان ھالەت شەكىللەنمىگەنىدى. ئەسلىدىنلا ئاتۇش رايونىنىڭ 24 كەنتىدە ئېچىلغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ يول كۆرسىتىشى، تەشەببۇسى ئارقىلىق قۇرۇلغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بولغاچقا، مەكتەپنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنىمۇ خەلق ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. گەرچە بۇ مەزگىللەردە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى نامرات بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى، پەرزەنتلىرىنى يارامليق قىلىپ تەربىيلەش ئېتىقادى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، مەكتەپنى نامرات قويماسلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى يۈكسەك ھۆرمەتلىدى. بىر قىسىم يۇرت بايلىرىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاشلىق، گۆش قاتارلىقلارنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىشنى داۋاملىق تۈردە قانات يايدۇردى (بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈنمۇ ئاساسلىقى مەلۇم ئۆلچەمدە ئاشلىق، گۆش، ماي بېرىلەتتى). ئاغىز خەلقىمۇ ئوخشاشلا باشقا يۇرتلاردىكىدەك مائارىپنى يۈكسەك دەرىجىدە قوللاپ ئەمەلىي جەھەتلەردە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىپ كەلدى. ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، يۇقىرى ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشى ئوقۇتقۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

ھەمراخان روزام موللا، روزىخان تۇردى، مەربىيەخان ئوسەن، تۇخان ئېزىز، توختىخان مۆمىن ئىمام، ئامىگۇسۇن رۇسۇل، پاتەم روزى، خەيرىنىسا ئاخۇنبەك، نىساخان مەمتىلى، ئايىمخان ئۇزۇن، يىتەخان توختى موللا قاتارلىقلار ئاغۇ مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى قىز ئوقۇغۇچىلار بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ بىلەن 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 105 نەپەرگە، سىنىپ سانى ئۈچكە يەتتى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپكە يەنە تۈركىيىلىك مەرىپەتپەرۋەر مەجىددىن ئەپەندى، يۇسۇپ ئەپەندىلەر، قەشقەردە ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان ياقۇپ ئاخۇن خەلىپىتىم (ئاغۇلۇق) خىزمەتكە تەيىنلىنىپ، قىزلار سىنىپىغا مەسئۇل قىلىندى. 1936 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ مەكتەپنىڭ قورۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ قورۇشقا ئىش باشلاشتىن سىرت يەنە، لەنگەر ۋە ئارا مەھەللە كەنتلىرىدىمۇ شۆبە مەكتەپ قورۇش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. يىللاردىن بېرى پەن ـ مەدەنىيەتكە تەشنا بولغان خەلق ئاممىسى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن مەكتەپ قورۇش ئىشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى، ياغاچچىلار، تامچىلار ۋە باشقا ھەرخىل كەسىپتىكى كىشىلەر ھەق تەلەپ قىلماستىن، مەكتەپ سېلىشقا خالىسانە قاتناشتى. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە، قورۇلۇش رەسمىي پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش شارائىتى ھازىرلاندى. بۇ يىلى مەركىزىي مەكتەپ (مازار مەكتەپ) كە بىراقلا 150 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى سانى 255 نەپەرگە يەتتى. يەنە بۇ مەكتەپنىڭ لەنگەر ۋە ئارا مەھەللە كەنتىدىكى شۆبىلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىردىن سىنىپ تەسىس قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. يېڭى ئوقۇتقۇچىلاردىن دارىلمۇئەللىمىندە تەربىيىلەنگەن ئابدۇراخمان تاش، مەمتىلى سابىر، پەيزىۋات دارىلمۇئەللىمىندە تەربىيىلەنگەن ئىبراھىم قارى

سىدە قاتارلىق كۆچەتلەرنى تىكتى. پەرۋىش قىلىش ياخشى بولغاچقا، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، كۆچەتلەر خېلىلا يوغىناپ مەكتەپ ئىچى ياپىېشىللىققا پۈركەندى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار گۈزەل مۇھىت ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى (ئابلىز قارىي ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز).

1938 - يىلى ئابلىز قارىي خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ يۆتكىلىپ كەتتى، ئورنىغا ئەيسا ياسىن مەكتەپ مۇدىرى بولدى. 1941 - يىلى مەكتەپكە يەنە 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپ قىلىپ تەشكىللىنىپ، سىنىپ مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەيىنلەنگەن سىدىق ھەسەن بېكىتىلدى. سىدىق ھەسەن ئاغۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئابلىز قارىينىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇ يىلى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 290 نەپەرگە، سىنىپ سانى يەتتىگە، ئوقۇتقۇچى سانى ئونغا يەتتى.

1941 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى ئەيسا ياسىن ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇستۇن ئاتۇش ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئەرباب مەھەممەتجان ئىمىن ھاجى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. 1945 - يىلىغا قەدەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، سىنىپ ساندا ئۆزگىرىش بولمىدى.

1946 - يىلىغا كەلگەندە، ئاغۇ مەكتەپكە بىر تۈركۈم يېڭى ئوقۇتقۇچىلار، قارا خىزمەتچىلەر خىزمەتكە بېكىتىلدى. بۇلار ھەسەن روزى (ئاغۇدىن)، ھەسەن سابىت (ئۇستۇن ئاتۇشتىن)، سۇلتان ئۆمەر، ئەيۇب ھوشۇر (مېيىدىن) قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە خادىم تاجى، ئابدۇرشىت ھەسەن، سۇلتان (ھەممىسى ئاغۇدىن) قاتارلىق قارا خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت. يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

ئۇلار ئەۋلادلارنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويىدى.

ئاغۇدىكى مازار مەكتەپنىڭ ئورنى قەبرىستانلىق ئىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇش لايىھىلىگەندە قەبرىلەر ۋە خانىقالار بۇزۇلۇپ ئورنىغا مەكتەپ بىناسى سېلىنغاندىن سىرت، يەنە تەنتەربىيە مەيدانى ياسالغان. بۇ مەزگىللەردە ئوقۇتۇشقا كېتەرلىك تەنتەربىيە سايمانلىرى خىلى ھەم تولۇق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سالامەتلىكىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەنتەربىيە دەرسلىكى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇلۇپ ئۆتۈلۈش بىلەن بىرگە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ مەشىق قىلدۇرۇش ئادىتىنى داۋام ئەتكۈزگەن.

بۇ ۋاقىتتىكى يەنە بىر ئالاھىدە يېڭىلىق شۇكى، مەكتەپلەردە مەخسۇس ئوقۇغۇچىلار فورمىسى لايىھىلەنگەن بولۇپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىرلىككە كەلگەن كىيىمنى كىيگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ بولغان.

ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىن تارتىپ مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇشىدا ئابلىز قارىينىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. بۇ خەلقپەرۋەر ئوغلان ئانا ماكانىدا ھەقىقىي بىر مەرىپەت ئابىدىسى تىكلەش ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە سەرپ قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ زېمىندا خېلىلا مۇكەممەل بولغان مەكتەپ مۇھىتى بەرپا قىلدى. ئۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىشخانا، سىنىپ، مەيدان، كۆل قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ياخشى لايىھىلەش بىلەن بىرگە، بۇلارنى تۇتاشتۇرىدىغان يوللارنى ياساپ ئەتراپىغا تېرەك،

19 غا، جەمئىي ئوقۇغۇچى 555 (425 نەپىرى ئوغۇل، 130 نەپىرى قىز) گە كۆپەيدى.

1950 - يىلى ئاغۇ 4 - رايون دەپ ئاتىلىپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ھەسەنجان ھاشىم رايون باشلىقى بولدى. ئورنىغا ھېلىم قادىر (ئىلگىرى مېيىدا ئوقۇتقۇچى) مەكتەپ مۇدىرى بولدى. يۇقىرىدىن يەنە ئابلا قادىرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار سانىدا ئۆزگىرىش بولمىدى.

مەكتەپلەرنى ئاساسەن رايونلۇق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتى، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا كېتەرلىك بولغان مەبلەغ قاتارلىقلارنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، دېھقانلار ئۈستىدىكى مائارىپ سېلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى يولغا قويۇلغان بەزى قائىدە - تەرتىپلەرگە ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلۈپ، يېڭىدىن بەزى بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى.

شىنجاڭدا مەكتەپلەر ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاغۇ مازار مەكتەپكە ھېلىم قادىر (1950 - 1953)، سەيدىن ئىبراھىم (1953 - 1954)، ھامۇت مەتىلى (1954 - 1956)، تۇردى ئابدۇللا (ئۇستۇن ئاتۇش ئېكىساقتىن، 1956 - 1957)، سەيدىن قاري (ئۇستۇن ئاتۇشتىن، 1957 — 1958)، ئابلىمىت ئەمەت (ئۇستۇن ئاتۇشتىن، 1958 - 1962)، ئابلىكىم ساۋۇت (ئۇستۇن ئاتۇش ئېكىساقتىن، 1962 - 1965)، غوپۇر يۇسۇپ (ئۇستۇن ئاتۇشتىن، 1965 — 1970)، ئىسمايىل ئابدۇرېھىم (1970 — 1991) قاتارلىقلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يىللاردا مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. بۇ جەرياندا مائارىپ ئىشلىرى قانچىلىغان جۇدۇن - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ

سەپكە قېتىلىشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كېڭىيىپ 14 كە
يەتتى. ئارا مەھەللە مەكتەپكە ئىككى سىنىپ (بىرى ئوغۇللار
سىنىپى، بىرى قىزلار سىنىپى)، لەنگەر مەكتەپكە ئىككى سىنىپ
(بىرسى ئوغۇللار سىنىپ، بىرسى قىزلار سىنىپى) تەشكىلللىنىپ،
سىنىپ سانى 14 كە، ئوقۇغۇچىلار سانى 410 نەپەرگە يەتتى. بۇ
سان 1948 - يىلىغا قەدەر ئۆزگەرمىدى.

1946 - يىلىغا كەلگەندە مەكتەپ مۇدىرى مەھەممەتجان ئىمىن
هاجى شورۇق مەكتەپكە مۇدىرلىققا تەيىنلىنىپ يۆتكىلىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئورنىغا ھەسەنجان ھاشىم مەكتەپ مۇدىرى بولدى (ئىلگىرى
ئۇ خوشئاۋات يېزا شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىلمىي مۇدىر بولغان
ئىدى). ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ
دائىرىسىنى رشاتكا ئىچىگە ئېلىپ، دەرۋازا بېكىتىپ، ئىككى يان
ئىشىك بېكىتىپ چىقتى. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى ھەربىر خۇيلى
(خەلق باشقۇرغان) مەكتەپلەردىن ئۈچتىن سىنىپنى شيەنلى
(ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى) مەكتەپكە ئۆزگەرتتى.

بۇ مەزگىلدە ئاغۇدا ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى بىلەن ئالتە نەپەر
ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمەتنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.
لېكىن، 18 ئايغىچە يۇقىرىدىن مائاش كەلمەي ئاتۇش ناھىيىلىك
ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئۈچ چارەكتىن ئاش قەرز بېرىلىپ
تۇردى. يۇقىرىدىن مائاش كەلگەندە شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ب
قەرزگە بېرىپ تۇرغان ئاشنىڭ پۇلىنى ئالمىدى. 1947 - يىل
ئاغۇغا تۆت نەپەر يېڭى ئوقۇتقۇچى چىقتى. ئۇلار ھامۇت مەمتىلى
ھوشۇر سۇلتان، قۇربان توختى (بۇلار ئاغۇدىن)، ئابدۇغوپۇ
مۇھەممەت (ئۇستۇن ئاتۇشتىن) قاتارلىقلار بولۇپ، يەنە يېڭىدى
45 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى، 100 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى قوبۇ
قىلىندى، سىنىپ سانى 12 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلە

# ئاغۇدا قۇرۇلغان ئاتىلار ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ يېڭى مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە بىراقلا يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى سېلىش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك ئىدى. مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققىنى ھەل قىلىشمۇ زۆرۈر ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەرقايسى يۇرتتىكى ئاقساقاللار ۋە باي ـ بەگلەردىن تەشكىل تاپقان «ئاتىلار ھەيئىتى» نى قۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئاغۇ يېزىسىدىكى ئاتىلار ھەيئىتىمۇ ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن 1934 ـ يىلى كۈزدە قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. كېيىنچە بۇ ئاتىلار ھەيئىتى ئاغۇ (مازار) مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە كىيىم ـ كېچەك، دەپتەر ـ قەلەم جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، نورمال ئوقۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، مەكتەپ مۇھىتىنى كۆكەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغان. بۇ ھەرىكەتكە شۇ ۋاقىتتىكى ئاغۇ يېزىسىدا يۈزلۈك بولغان ھوشۇر ھاجىم، يۇسۇپ ئاخۇن خەلپىتىم، ھەسەن ئاخۇن، بوۋام چوڭ، چاقانباي روزاخۇن، مامۇت ھاجىم دوكا، قابىل باي، ئىبراھىم شاڭيو، ئىمىن موللام قاتارلىقلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ ئاتىلار ھەيئىتى تەشكىللەپ، ئۆزلىرى بۇ

ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بولۇپمۇ
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئېلىپ
كەلگەن بالايىئاپەتى ھەممىدىن زور بولۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تەلىم-
تەربىيە نىشانى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئاستىن
- ئۈستۈن قىلىپ، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر
ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىپ،
ئۇلارغا ئېغىر ئۇۋالچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شوئارچىلىق،
ئۆزۈندە يادلاش مەكتەپلەردە ئاساسىي مۇقامغا ئايلىنىپ، پەننىي
دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈش ۋاقتى ئازلاپ كەتتى.

بۇ خىل پاسسىپ ئەھۋال پەقەت 1978 - يىلىدىكى ئىدىيە
ئازادلىقىدىن كېيىن تەلتۆكۈس ئاخىرلىشىپ مائارىپ يېڭىچە بىر
تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپچانلىق
ئېڭى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش قىزغىنلىقى كۆنسايىن
يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان مائارىپ مېلودىيىسى
ياڭراشقا باشلىدى.

# ئاغۇدا چوڭلار مائارىپى

مەتىلى ئەپەندىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1935 - يىلى 11 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا ئىككى سىنىپ 60 نەپەر ـوقۇغۇچىدىن تەشكىل تاپقان چوڭلار مائارىپى سىنىپى تەسىس ىلىندى. بۇ سىنىپقا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئوقۇش ۋاقتى ھەر ـۈنى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار دەرستىن يانغاندا ئىككى سائەت ـولۇپ، دەم ئېلىش كۈنلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەشغۇلات ۈزۈمى بىلەن ئوخشاش قىلىپ بېكىتىلدى.

1936 - يىلى كۈزدە يەنە بىر سىنىپلىق (30 نەپەر ئادەم) وڭلار مائارىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇغۇچى سانى 90 ەپەرگە يەتتى. بۇ 90 نەپەر ئەر - ئايالنىڭ ئوقۇپ ساۋات ـقىرىۋاتقانلىقى ئاغۇنىڭ ھەممە ياقلىرىغا تارقالدى. نەتىجىدە ۆپلىگەن ئەر - ئاياللارمۇ مەكتەپكە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش ارزۇسىنى بىلدۈرۈشتى. ئاممىنىڭ بۇنداق كۈچلۈك ئارزۇسىنى ـۇ ۋاقىتتىكى مەكتەپ مۇدىرى ئابلىز قارىي ئۇستازى مەتىلى ـەۋپىق) گە يەتكۈزدى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە مەتىلى ەپەندىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن چوڭلار مائارىپىنى كەڭ كۆلەملىك ولغا قويۇشنىڭ پۇختا تەييارلىقى ئىشلەندى. ئالدى بىلەن پارتا، ـارا دوسكا، ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ىلگىرىكى لەڭگەر، ئارا مەھەللىدىكى شۆبە سىنىپلارنىڭ ئورنىنى ـۇ ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش، يېتەرلىك بولغان ارتا - ئورۇندۇق، چىراغ قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش، وسكا، بور قاتارلىقلارنى مەركىزىي مەكتەپ ئۈستىگە ئېلىش قارار

تەشكىلاتىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى.

ئاتىلار ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابلىز قارىينىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئازنا مەسچىت، زاراتگاھلىق، كۆللەرنى بۇزۇپ رەتلەش، ئورمان بىنا قىلىش خىزمەتلەرنى ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىپ ياخشى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، بىر يىل ئىچىدىلا تەنتەربىيە مەيدانى ياساپ چىقتى. مەكتەپ ئەتراپىغا مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى.

ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنە يېڭى سىنىپلارنى قۇرۇپ چىقىشقا كېتەرلىك بولغان پۇللارنى شۇ ۋاقىتتىكى بايلاردىن نىيازخان باي، ئېزىز ھاجىم، مامۇت ھاجىم، قابىل باي، ئەمەت ئاخۇن، ھوشۇر ھاجىم، تۇردى بەگ، ئىسمايىل ھاجىم، ئىبراھىم شاڭيۇ، ھەسەنباي، قۇپپايلام خەلىچىخان قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالدى. كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ تاملارنى قوپۇرۇپ چىقتى. ياغاچچىلىقنى ئارا مەھەللىدىكى كەكە ئۇستىنىڭ ئوغۇللىرى ساۋۇت ئۇستا، توختەم ئۇستا، لەنگەردىكى ئاۋۇت ئۇستىنىڭ بالىلىرى قاسىم ئۇستا، بەكرى ئۇستا، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئۆستەڭ بويىدىكى ھوشۇر ئۇستىنىڭ بالىلىرى ساۋۇت ئۇستا، ئاۋۇت ئۇستا، روزى ئۇستا، دۆڭبېشىدىن مامۇت ئۇستا، تۇداخۇن ئۇستىلار ھەقسىز ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خالىسانە تۆھپە قوشۇش، ئىلىم سۆيەر روھى ئەۋلادلارنى بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەش يولىدىكى كۈچلۈك ئارزۇ - ئىستىكى بىلەن قۇرۇلغان بۇ يېڭى سىنىپلارنى شۇ ۋاقىتتا ئاتۇشتا ساقچى باشلىقى بولۇپ تۇرغان ئۆزبېك ئابدۇقادىر كۆرۈپ مۇنداق مەكتەپ تاشكەنتتىمۇ كەم ئۇچرايدۇ، دەپ يۇقىرى با بەرگەن.

بۈگۈن كۈننىڭ نۇرلارى،
بىزگە قاراپ ساچىلدى.
پەن ـ مائارىپ ئىشكىلىرى،
بىزلەرگىمۇ ئاچىلدى.

نەقرات:

مەكتەپ، مەكتەپ، دوستلار،
قىچقىرىدۇ بىزلەرنى،
مەدەنىيەت نۇرى بىلەن،
يورۇتايلى يوللارنى.

ئوقۇمىغان كىشىلەرنىڭ،
ئەمدى هالى بەك خاراب.
قاپقاراڭغۇ نادانلىقتا،
يولىمىزغا قالىدۇ قاراپ.

نەقرات:

مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار،
قىچقىرىدۇ بىزلەرنى.
مەدەنىيەت نۇرى بىلەن،
يورۇتايلى يوللارنى.

بۇ مەزگىلدە ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئابلىز قارىينى ئاغۇدا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا چىقارغان. ئۇ ئاغۇنىڭ بەگ، يۈز بېشى، ئونبېشى، ئاغلاقچى، دوغىلىرىنى يىغىپ يازلىق تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە قانداق قىلىپ ياخشى نەتىجىنى قولغا

قىلىنىپ، ئاياللار ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئەرلەر ماللارغا يەم بېرىپ كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن مەكتەپكە كېلىپ ئىككى سائەت ئوقۇپ ئۆيىگە قايتىدۇ، دەپ بېكىتتى.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مازار مەكتەپ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە 1938 - يىلى كەچ كۈزدە ئاغۇ بويىچە ئارا مەھەللە كەنتىدە ئىككى ئەرلەر سىنىپى، ئىككى ئاياللار سىنىپى، مازار مەكتەپتە ئىككى ئەرلەر سىنىپى، بەش ئاياللار سىنىپى، لەڭگەر مەكتەپتە ئىككى ئەرلەر سىنىپى، ئىككى ئاياللار سىنىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى نەچچە يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە مەركىزىي مەكتەپ تەرىپىدىن قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈلۈپ تۇردى. بۇ ھال 1944 - يىلىغىچە بىر خىل رىتىمدا قەدەم باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

بىر قىسىم ياشانغانلار ۋە قېرىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەنە ئاغۇدىكى 56 مەسچىتكە 56 قارا دوسكا، 56 خەلق ئوقۇتقۇچىسى تەييارلاپ كونكرېت ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. بۇلارنىڭ ئوقۇش ۋاقتى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر سائەت ئوقۇش، دەپ بەلگىلەندى.

1940 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يازلىق تەلىم - تەربىيە ھەركىتى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ساۋاتسىزلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ساۋاتلىق قىلىش ئىدى. بۇ ۋەزىپە ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى.

بۇ قېتىمقى يازلىق تەلىم - تەربىيە ھەركىتى مەزگىلىدە ئاغۇدىكى كۈرسانتلارغا تۆۋەندىكى ناخشا ئۆگىتىلدى:

# ئاغۇ مازار مەكتەپتە قۇرۇلغان تىياتىر گۇرۇپپىسى

1939 - يىلى ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «تىياتىر گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە 1940 - يىلى ئاغۇ مەركىزىي (مازار) مەكتەپتىمۇ «تىياتىر گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىندى. تىياتىر گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى شۇ ۋاقىتتىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار دەرستىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلاردا ھەرخىل شەكىلدىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەشنالىقىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇپ، خۇشاللىق ۋە زوق ئاتا قىلاتتى.

دەسلەپتە مەكتەپتە سازەندىلەر بولمىغاچقا، ناخشا - ئۇسسۇللارغا بىرقانچە ئادەم ئېغىزىدا «ناي - ناي» دەپ تەڭكەش قىلىپ ئاممىغا نومۇر كۆرسىتىپ كەلگەندى. بۇ خىل ئۇسۇل بەلگىلىك قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەچكە، يۇرتتىكى راۋابچى ئابدۇرىشىت ھەسەننى مەكتەپكە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، مۇزىكانت يوق بولۇش مەسىلىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى. ئوقۇغۇچىلاردىن رەجەپ تاجى 1940 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئاچقان ئالتە ئايلىق مۇزىكا كۇرسىدا ئىسكىرىپكا ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. رەجەپ تاجى كۇرۇستىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئىسكىرىپكا، چاڭ، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سېتىۋېلىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى ئاساسەن تولدۇردى. سەنئەتچىلەرنىڭ نومۇرلىرى ۋە سازەندىلەرنىڭ ساپاسىدا

كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كېڭەشتى. مۇزاكىرە داۋامىدا يۇرت كاتىپلىرى ئوقۇغۇچىلار (چوڭلار) نىڭ مەكتەپكە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ۋاقتىدا يىغىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 14 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 410 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتكە كېلىشى بىلەن بۇ ھەرىكەت داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى.

1940 - يىلى 10 - سېنتەبىردە بۇ قېتىمقى يازلىق تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئاخىرلاشتى. چوڭلار مائارىپى داۋاملىق تۈردە سىجىل تەرەققىي قىلدى.

چوڭلار مائارىپىدا تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى دېھقانچىلىق تەۋرىگەن مەزگىللەردە ئىمتىھان ئېلىپ قويۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، كومېدىيە، كونسېرت، غەزەل ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى مەكتەپ تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلاپ قايتۇرۇپ، 10 - ئايدا يەنە قايتا ئوقۇش باشلايتتى. بۇنداق بولغاچقا، چوڭلار مائارىپى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قىلچىمۇ تەسىر كۆرسەتمىدى. كۆپلىگەن ساۋاتسىز كىشىلەر بۇ جەرياندا ساۋاتلىق بولۇپ، كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۆزىدىكى ئېغىر بىر جاراھەتنى ساقايتىۋېلىپ، روھىي جەھەتتىن ئازادلىك ھېس قىلدى. 1958 - يىلىغا كەلگەندە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چوڭلار مائارىپى تاقىلىپ قالدى.

قىلىنغان بولۇپ، كېيىنچە مەكتەپ ئۆزى ھەل قىلىدىغان بولدى.
ئاغۇ مەكتەپتە قۇرۇلغان «تىياتىر ئۆمىكى» گەرچە كەسپىي ئۆمەك بولمىسىمۇ، شۇ مەزگىللەردە ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا بىرقەدەر ياخشى نومۇرلارنى تەييارلاپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قاندۇرۇپ كەلگەن. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1959 ‐ يىلىغا كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

بەلگىلىك يېتىلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، ئۇيۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن زالغا پاتمايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نوقۇل ناخشا ـ ئۇسسۇل ئورۇنلاشتىن يەنە كومېدىيە، ئېپىزوتلارنى ئورۇنلاشتەك يېڭى نومۇرلارمۇ قوشۇلدى. بۇ ۋاقىتتا «ساۋاتسىزلىقنىڭ زىيىنى»، «ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى» قاتارلىق سەھنە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم كومېدىيىلەر تەييارلانغاندىن سىرت، «شاگىخەي كېچىسى»، «بىر تامچە قان»، «دوگېبېي ۋەقەسى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىمۇ تەييارلىنىپ ئاممىغا كۆرسىتىلەتتى. بۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق ئارتىسلار سىدىق ھەسەن، ھامۇت مەمتىلى، ھەسەن روزى، ئابلىمىت ئابدۇراخمان، ئوسمان توختى، ئابدۇقادىر، ھامۇت قارى، مەھەممەتخان ئىمىن ھاجى، ئىبراھىم توختى، ئابدۇراخمان تاش، مەخەت مامۇت؛ مۇزىكانتلاردىن رەجەپ تاجى، ھېلىم قادىر (چاگچى)، ئابدۇرشىت ھەسەن، رشىت ۋە يەنە باشقا ئارتىسلاردىن توختى موللا تاجى، قايىلمەت، ناسىر ھېلىم، ھوشۇر ئارىپ؛ ئاياللاردىن تۇرنىسا تۇردى، ئايخان توختى، تۇخان ئەمەت، ھەلىمە ئىسمائىل، تۇرسۇنخان نىياز، ناخان ياسىن، شەرۋانە مەھەممەت قاتارلىقلار ئىدى.

سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇش داۋامىدا ھەرقايسى رول ئالغۇچىلارغا كېتەرلىك بولغان ئارتىسلىق كىيىمى، ياغاچتىن ياسالغان مىلتىق، تاپانچا، قىلىچ قاتارلىقلار ئاساسەن ئاتۇش سەنئەت ئۆمىكىدىن ئارىيەتكە ئېلىناتتى. سەھنىگە كېتەرلىك بولغان پەردە، دېكوراتسىيە رەختلىرى دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق ھەل

1949 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىغا قازى بولغان.
1954 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى بولغان. 1967 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەمەت قازىئاخۇنۇم دىنىي جەھەتتە بىرقەدەر مول بىلىمگە ئىگە بولغاچقا، بىر مەزگىل يۇقىرىقى مەھەللە تاختا كۆۋرۈكتىكى «شەيخ ھەزرەت» خانىقاسىدا خەلپەت بولۇپ تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن.

## يۇسۇپ قازىئاخۇنۇم

1891 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاغۇ يېزىسىدا «مازار مەكتەپ» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ بىرى.
ئۇ 1933 - يىلى «مازار مەكتەپ» نىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە مەتلى (تەۋپىق) ئەپەندى ئوتتۇرىغا ئاچقان ئۈچ ئايلىق مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىغا يېزا تەۋەسىدىن ئابلىز قارىي، ئەيسا ياسىن، ئابلا قادىر، سىدىقجان تۇردى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، تۇنجى ئوقۇتقۇچىلارنى بارلىققا كەلتۇرۇشنىڭ يولىنى ئاچقان. يۇرت بايلىرىدىن ھوشۇر ھاجى، ھەسەنئاخۇن، چاقانباي روزاخۇن، بوۋام چوڭ، دۇما چوڭ قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرۇپ، مەكتەپ سېلىش داۋامىدا يولۇققان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى بىرلىكتە ھەل قىلىش پىلانىنى تۈزگەن ھەم مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ بېرىشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلغان.
بۇ ئادەم ئەلگىرى «مەخسۇم» ناملىق خانىقانىڭ مۇدەررىسى

## ئاغۇدا ئۆتكەن تۇنجى مەرىپەت پېشۋالىرى

### ھېلىم نوغاي

ھېلىم نوغاي ئاغۇ قەمبەرۋەلىدىكى چوڭ مەسچىتنى، ئۇنىڭ ھۇجرا، دەرسخانىلىرىنى، گۇمبەزلىرىنى بەرپا قىلدۇرغان بولۇپ، قەمبەر ۋەلى (ھازىرقى ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچى) دىكى چوڭ رىدىنى ئۆز قولى بىلەن تىككەن.

بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرى ئۇنى ئۆزى بەرپا قىلغان گۇمبەزنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلغان. قەمبەرۋەلى چېقىلىشتىن ئىلگىرى گۇمبەزنىڭ ئىچىدىكى قەبرە دەل ھېلىم نوغاينىڭ قەبرىسى ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھېلىم نوغاينىڭ ئەۋرىسى ئابلا قادىر ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاغۇ يېزىسىدا پەننىي مائارىپنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان تۇنجى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ چىققان.

### ئەمەت قارىئاخۇنۇم

1885 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1905 - يىلىدىن 1925 - يىلىغىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1925 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە خەلق ئارىسىدا ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەدرىسەسىدە ئوقۇغان، ئۇ بۇ جەرياندا تۈركىيەدىن كەلگەن ياقۇپ ھاجىمدىن سائەت رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىپ، خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن سائەت رېمونتچىسى بولۇپ قالغان.

ئابلىز قارىي ھەر ۋاقىت بىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان، يېڭىلىقنى ياقىلايدىغان، مەرىپەت ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلىدىغان ئوت يۈرەك ئەزىمەت بولغاچقا، 1934 - يىلى كۈزدە ئاتۇش ئوڭئۆستەڭدىكى مەھەللىدە (تەۋپىق) ئەپەندى ئاچقان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 1935 - يىلىغا كەلگەندە مەھەللىدە ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاغۇ يېزىسىغا قايتىپ بىر تەرەپتىن، پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قانچە يىللاردىن بېرى ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، پەننىي مائارىپنىڭ نامىنى ئاڭلاشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان، نادانلىق، جاھالەت تۇپەيلىدىن ئىندا قىلىۋاتقان خەلقنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە مائارىپنىڭ تۇنجى مېلودىيىسىنى ئۆزى باش بولۇپ ياڭراتتى.

قانچە يىللاردىن بېرى، پەن- مەرىپەت ئىگىلەشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان پەرزەنتلەرنىڭ بەس - بەستە مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرۇشى نەتىجىسىدە دەسلەپتە دەرسخانا، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى تۇغۇلدى. ئابلىز قارىي خەلقنىڭ مائارىپقا بولغان بۇنداق ئىنتىلىشى ۋە بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىدىن مەمنۇن بولۇپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە دەرسخانا ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن كېڭىشىپ ھەممە تەرەپنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى نەپەر ياشنى مەھەللە ئەپەندى

بولۇپ، «مازار مەكتەپ» پۈتكەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان.
بۇ مەزگىلدە يەنە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئۆشرە ـ زاكات (ئىش ھەققى ئۈچۈن ئامما ئىئانە قىلغان ئاشلىق قاتارلىقلار) نى باشقۇرغۇچى بولغان.
1947 ـ يىلى 56 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## مەمەت پەيجاڭ

مەمەت پەيجاڭ 1931 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان بولۇپ، مەھمۇت سىجاڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە پەيجاڭ بولغان. 1936 ـ يىلى ئاغۇغا بەگ بولۇپ تەيىنلەنگەن مەزگىلدە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىللاشقان ئوقۇغۇچىلار فورمىسى كىيدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مائارىپنى قوللاش ئىدىيىسىنى نامايان قىلغان.
1937 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي بۇ ئادەمنى ھەپسىگە ئالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىز ـ دېرىكى بولمىغان.

## ئابلىز قارىي جامال

1911 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت سۇزگەنلىك (ھازىرقى 1 ـ كوپىراتىپ) تە تۇغۇلغان. 1918 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلغىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 14 يېشىدا قارىي بولغان. 1925 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلغىچە ئاتۇش تېجەندە ئەمەت ھاجىم ئاچقان دىنىي مەكتەپتە، 1926 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلغىچە قەشقەر خانلىق

رېمونتچىلىرىنىڭ سانى ئوندىن ئاشقان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ خىل كەسىپ بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان، بەزىلىرى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ پەرزەنتلىرىگىمۇ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن. ھازىر قەشقەر خام بازىرىدا ئابلىز قارىينىڭ ئوغلى ئابلەت دادىسىدىن ئۆگەنگەن رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، سائەت رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئابلىز قارىي 1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 76 يېشىدا ۋاپات بولدى. گەرچە ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇ تۇنجى بىلىم ئۇرۇقىنى قەلبىگە چاچقان شاگىرتلىرى، ئاغۇدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆز يۇرتىنىڭ بۇ تۇنجى مەرىپەت ئاتىسىنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرماقتا.

## ئەيسا ياسىن

پېشقەدەم مائارىپچى ئەيسا ياسىن 1904 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت سۇزگەنلىكتە تۇغۇلغان. ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن بىر مەزگىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دىنىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىرقانچە يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1934 - يىلى كۈزدە مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا سەپپىدىن ئەزىزى، ئابلىز قارىيلار بىلەن بىرگە ئوقۇغان.

1935 - يىلى ئاغۇ مازار مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ، 1948 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1949 - يىلدىن 1958 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدا خىزمەتچى، 1958 - يىلدىن 1963 - يىلىغىچە ئىسكىلات باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ھەم شۇ يىلى دەم ئېلىشقا

ئـاچقان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ دەرسخانا سانىنى كۆپەيتىش، مەكتەپ مۇھىتىنى ياخشىلاشقا تەرەددۇت قىلدى. ئۇ 1938 - يىلىغا قەدەر بۇ مەكتەپتە جان تىكىپ ئىشلەپ، ئاغۇ خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى.

1938 - يىلى ئابلىز قارىي خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەمىنات بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. 1939 - يىلى قـەشـقـەر ئـۇيـغـۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خەلپەت سوزۇكنىڭ تـونـۇشـتـۇرۇشـى بىلەن قەشقەر ھېيتگاھ كىنوخانا قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇ بۇ كىنوخانا پۈتكەندىن كېيىن، 1944 - يـىـلـىغىچە كىنو قويۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1944 - يـىـلـىـدىـن كـېـيـىـن قـەشـقـەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە قـەشـقـەردىكى تۆت چوڭ كىنوخانىنىڭ تېخنىكى بولۇپ ئىشلەپ نـاھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئابلىز قارىي كىچىكىدىنلا زېـرەك، بـىـلـىـم خۇمار بولغاچقا، كۆپلەپ كىتاب كۆرۈپ ئۆز بـىـلـىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە رۇس يېزىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتە ماتېرىياللارنى بىمالال كۆرەلەيدىغان سەۋىيە ھـازىـرلـىـدى. ئـۇ كىنو قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتلاردا ئاپپاراتتا كاشىلا پەيدا بولسا ئۆز سەزگۈسى، تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ رېمونت قىلىش ئارقىلىق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ساھەدە ئۇستا تېخنىك ھەم رېمونتچى بولۇپ يېتىشكەن. شۇڭا، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قـەشـقـەردە كـىـنـوچـىـلىق ساھەسىدە ئەتىۋارلىنىدىغان تېخنىكقا ئايلانغان.

ئابلىز قارىي قەشقەردە بىر بۆلۈك ياشلارنى سائەت رېمونتچىلىق كەسپى بويىچە تەربىيىلەپ چىققان بولۇپ، ئۇ يېتىشتۈرگەن سائەت

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى (ئىككى ئاي) 1938 - يىلى 2 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قەشقەرنىڭ سەمەن بازىرىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1939 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاتۇش تىجەن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1942 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە تەرتىپ مۇدىرى، 1942 - يىلى 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاتۇش ئوڭئېرىق مەكتەپتە مەكتەپ مۇدىرى، 1942 - يىلى 11 - ئايدىن 1943 - يىلى 3 - ئايغىچە قەشقەر نوبىشى 3 - ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، 1943 - يىلىدىن 1949 - يىلى 8 - ئايغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە تەرتىپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1950 - يىلىدىن 1954 - يىلى 10 - ئايغىچە ئاغۇ رايونلۇق خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە بۆلۈم ئەزاسى، 1954 - يىلى 10 - ئايدىن 1955 - يىلى 5 - ئايغىچە ئاغۇ رايونلۇق ئىسلاھات بۆلۈم ئەزاسى، 1955 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك كادىرلار كومىتېتى ئىسلاھات بۆلۈمىدە بۆلۈم ئەزاسى، 1957 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ناھىيىلىك كاتىبات بۆلۈم ئەزاسى بولغان، 1958 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە يەنە ئاغۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1982 - يىلى 4 - ئايدا ۋاپات بولغان.

## ئابباس قۇربان

1918 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى مەھەللىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1926 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىنىڭ پاقىل مەھەللىسىدە «مەخسۇم» ناملىق خانىقىدا دىنىي بىلىم ئالغان. 1935 - يىلىدىن 1936 - يىلى 6 - ئايغىچە ئاتۇشنىڭ مەشھەت كەنتىدە مەمتىلى ئەپەندى باشقۇرۇشىدىكى

چىققان.

1968 - يىلى 2 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئەيسا ياسىن ئاغۇ يېزىسىدا پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئابلىز قارىي، ئابلا قادىرلار بىلەن بىرگە مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن مەرىپەت ئوغلانلىرىنىڭ بىرى.

## ئابلا قادىر

1920 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1920 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1928 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە ئاغۇدا كونا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئاغۇ مازار مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1938 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قەشقەردە ئېچىلغان 1 - نۆۋەتلىك مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1942 - يىلى 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قەشقەردە ئېچىلغان 6 - نۆۋەتلىك مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىنى ئېنقىلاش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1954 - يىلى 12 - ئايدىن 1955 - يىلى 1 - ئايغىچە قەشقەردە ئېچىلغان ئورمان، سۇ تېخنىكا كۇرسىدا ئوقۇغان. 1955 - يىلى 12 - ئايدىن 1956 - يىلى 2 - ئايغىچە قەشقەردىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بوغالتىرلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. 1956 - يىلى 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە يەنە قەشقەردە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بوغالتىر مۇئەللىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1958 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان.

ئابلا قادىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەزاسى، ئىسلاھات بۆلۈم ئەزاسى، ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك بوغالتىرلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئاباس قۇربان 1956 - يىلى 7 - ئايدىن 1960 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1960 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1967 - يىلى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان ھەمدە جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1979 - يىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان.

ئاباس قۇربان ئابرۇيلۇق يۇرت ئاقساقىلى بولغاچقا، ئاممىنىڭ ھىمايىسى بىلەن 1980 - يىلى ئاتۇش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، 1983 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 7 -، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1984 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 8 -، 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

ئاباس قۇربان ئاغۇدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش بىلەن بىرگە زامانىسىدا تونۇلغان خەتتات ئىدى. ھازىرقى ئوغلى ئابلىكىم ئاباس ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ھۆسنخەت يېزىشتا خېلى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە.

مەكتەپتە ئوقۇپ ئىزچىلار ئەتىرىتىگە قاتناشقان. 1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە قەشقەردە ئېچىلغان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان ھەم بۇ جەرياندا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشقا چىقىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. 1937 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1940 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا بۆلۈم ئەزاسى بولغان، شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە لوپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. ئابباس قۇربان 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك تەشۋىقات ئىدارىسىدا بۆلۈم ئەزاسى، قوشۇمچە سەنئەت مۇدىرى، 10 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ كاتىپى، شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە خوتەندە ۋىلايەتلىك مەركىزىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە گۇما ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئابباس قۇربان 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيۇشمىدا كاتىپ بولغان. 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن (ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) دا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاتىبات بۆلۈم

يىلىغىچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئىككىنچى قېتىم خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ، 1979 - يىلىغا قەدەر ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. 1979 - يىلى 1 - ئايدا نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دەم ئېلىشقا چىققان.

1998 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ئابدۇقادىر ساۋۇت

1915 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1923 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1935 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئابلىز قارىي، ئەيسا ياسىن، ئابلا قادىر قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىمىنى ئالغان. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاغۇ ئارا مەھەللە كەنت شۆبە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ھەسەنجان ھاكىم، ئابلىز ھوشۇر قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قەشقەردە ئېچىلغان مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇغان. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە پەيزىۋات ناھىيىلىك شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە پوسكام ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ كاتىپى، ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئاتۇش تىجەن مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شورۇق مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاغۇ دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدا ئىككى ئاي مۇدىر بولغان. ئارىلىقتا بەش يىل ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەنە قايتا خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن. 1959 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ۋاخۋاخ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاغۇ مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، 1970 ـ يىلىغىچە ئاغۇ ئاچچىق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1970 ـ يىلدىن 1973 ـ

بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. 1950 - يىلى 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاتۇش 4 - رايونىنىڭ رايون باشلىقى، 9 - ئايدىن 1951 - يىلى 11 - ئايغىچە ئاتۇش 5 - رايون (ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى) نىڭ باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى 11 - ئايدىن 1953 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، 1953 - يىلى 7 - ئايدىن 1954 - يىلى 2 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، 1954 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1956 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. 1958 - يىلىدىن 1960 - يىلى 7 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1965 - يىلى 10 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1970 - يىلى ۋاپات بولغان.

## ئېلاخۇن قۇربانوف

1922 - يىلى ئاغۇ يېزا تېتىر كەنتىدە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدا ھەسەبنايىغا تىككۇچىلىككە شاگىرت بولۇپ كىرگەن. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە چارلاش ئەترىتىگە قارا خىزمەتچى بولۇپ، تۆگە يېتىلەپ قاراقولغا بارغان.

1942 - يىلى 5 - ئايدا غۇلجىدا ياغاچچىلىق، تىككۇچىلىك، تۇماقچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ 1950 - يىلىغىچە ئىنژۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى بولۇپ، جىڭ

# ئاغۇ مائارىپى يېتىشتۇرگەن تۆھپىكارلار

(ئىسىملار كەسپ ئايرىمىسى، ياش تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

## رەھبىري خادىملار

### ھەسەنجان ھاشىم

1922 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلدىن 1934 - يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە، 1935 - يىلدىن 1938 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1938 - يىلدىن 1939 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 12 - ئايغىچە قەشقەر قوشئاۋات مەكتەپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1941 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە قەشقەر ئاۋات مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 1941 - يىلى 6 - ئايدىن 1942 - يىلى 2 - ئايغىچە ئاۋات يېزا قىزىل مەكتەپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1942 - يىلدىن 1943 - يىلىغىچە پەيزىۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1943 - يىلدىن 1944 - يىلى 12 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1944 - يىلى 12 - ئايدىن 1947 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ مەكتەپىنىڭ مۇدىرى، 1948 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە ئاتۇش مالىيە بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، 1949 - يىلدىن 1950 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك با

38 - تۈەن 1 - لىيەندە ئەسكەر بولغان. 1953 - يىلىغىچە ئۇ بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ بولغان. 13 - شى قارمىقىدا ئېچىلغان سىياسىي كۇرستا ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، 38 - تۈەننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان. 1953 - يىلى ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ قوماندانلىق شتاب 2 - بۆلۈمىدە ئوقۇغان ھەم خىزمەت قىلغان. 1954 - يىلى ھەربىي رايوننىڭ ئەۋەتىشى بىلەن بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1956 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسىدا تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئابلەت سادىر 1968 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ تەرجىمە باشقارمىسىدا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1956 - يىلى شاۋۋېي كېيىن جۇڭۋېي ئۇنۋانى ئالغان. 1961 - يىلى شاڭۋېيلىق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلىش جەريانىدا كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان.

## موللاۋلا مېھمان

1931 - يىلى 11 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1939 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1945 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ئاغۇ رايونلۇق 3 - يېزىدا كاتىپ بولغان، 1953 - يىلى 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاغۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتتە كاتىپ، 1953 - يىلى 9 - ئايدىن 1956 -

ناھىيىسى ۋە باجياخودا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1950 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ترانسپورت باشقارمىسىدا يېتەكچى بولغان. 1952 - يىلى ئۇرۇمچىدە سىياسىي كۇرستا ئوقۇپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا 38 - ئاتلىق تۇەن 3 - لىيەندە كوماندىر بولغان. 1954 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ قوراللىق بۆلۈمىدە ئەترەت باشلىقى بولغان. 1956 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1960 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1966 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە كانسۇ كۆمۈركاندا سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1972 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە قىزىلسۇ مىس كانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1980 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1999 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ئابلەت سادىر

ئابلەت سادىرنىڭ ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن قوللانغان ئىسمى ئابلەت سابىروۋ بولۇپ، 1931 - يىلى 6 - ئايدا ئاغۇدا تۇغۇلغان. ئۇ 1950 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاغۇ مازار مەكتەپتە ۋە قەشقەر نەزەرباغدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاغۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتتە بىر يىل ئالاقىچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلى 3 - ئايدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، قەشقەردىكى 13 - شى

بىلىم ئاشۇرغان.

## ئابدۇقېيۇم تاھىر

1932 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1940 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە كانسۇ كان رايونىدا رودا كېنى ۋە كۆمۈر كېنىنىڭ باشلىقى، 1962 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. 1969 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سايمان زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، 1974 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1977 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، 1980 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1990 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1995 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ياسىن مەھەممەت

1933 ـ يىلى ئاغۇ يېزا يۇقىرى مەھەللە 5 ـ كوپېراتىپىدا تۇغۇلغان. 1942 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1948 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە ئائىلىدە بولغان. 1952 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1955 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئۆلكىلىك

يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا بۆلۈم ئەزاسى، 1956 ــ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە كادىر بولغان. 1961 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە سۇنتاغ گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1963 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ئاغۇ گۇڭشې پارتكومىدا مۇئاۋىن شۇجى، 1964 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، 1971 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئۈچ پونكىتتا پونكىت باشلىقى، 1972 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1973 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1979 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كەمبەغەل، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1981 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1988 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. موللاۋۇلا مېھمان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي قانۇن سىنىپلىرىدا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدە بىرقانچە قېتىم

مازار مەكتەپتە، 1947 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1952 - يىلى 3 - ئايدىن 1953 - يىلى 10 - ئايغىچە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ئىتتىپاق مەركىتىپىدە ئوقۇغان. 1953 - يىلى 10 - ئايدىن 1954 - يىلى 3 - ئايغىچە غەربىي شىمال ياشلار ئىتتىپاق كومىتېتى (شىئەندە) دا ئىشلىگەن. 1954 - يىلى 4 - ئايدىن 1987 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ قاتناش ساھەسىدە ئىتتىپاق باش ياچېيكا شۇجىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى، ئىدارە - شىركەتلەردە پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجى، شۇجى بولۇپ ئىشلىگەن. بولۇپمۇ 1972 - يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش (ئىدارىسى) نازارىتىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن نازىر، نازىر، پارتىيە يادرولۇق گۇرۇپپا ئەزاسى، پارتىيە گۇرۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا 1963 - يىلى 3 - ئايدىن 1965 - يىلى 10 - ئايغىچە ئىككى يىل، 1980 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە يېرىم يىل مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1989 - يىلى 5 - ئايدىن 1994 - يىلى 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېتتا نازىر دەرىجىلىك مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1992 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىدا دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1956 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1960 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1978 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە يەنە ئاپتونوم

كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1963
يىلىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان
1963 - يىلىدىن 1971 - يىلىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك با
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1971 - يىلىدىن 1981 -
يىلىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدا باشلىق بولغان.
1981 - يىلىدىن 1984 - يىلى 1 - ئايغىچە ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش
بانكىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلىدىن 1994 -
يىلىغىچە ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1994 -
يىلى 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

## تۆرە چوڭ

1933 - يىلى ئاغۇ يېزا ئۇلۇغ ھويلىدا تۇغۇلغان. 1943 -
يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان.
1952 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە ھەربىي سەپتە ئەسكەر،
لىيەنجاڭ بولغان. 1978 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق
يېنىك سانائەت ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1981 - يىلىدىن 1982 -
يىلىغىچە يۈك توشۇش باشقۇرۇش پونكىتىدە شۇجى بولغان.
1982 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق ئاپتوبۇس
بېكىتىنىڭ شۇجىسى، بېكەت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1997 -
يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

## يولداش يۈسۈپ

1934 - يىلى 4 - ئايدا ئاغۇ يېزا ئارا مەھەللە كەنت باغئېر
مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە ئا

## سىيىت سوپى

سىيىت سوپى 1937 - يىلى 6 - ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1953 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئاتۇش 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. خىزمەت جەريانىدا 1955 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە شىنجاڭ تىل ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1957 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدا 42 يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز ئۆمرىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ۋە يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە تۆھپىلەرنى قوشقان. 1959 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە ئىنىستىتۇت ئىتتىپاق كومىتېتىدا، مائارىپ باشقارمىسىدا سىنىپ مەسئۇلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1975 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنىستىتۇت مۇدىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1986 - يىلى ئىنىستىتۇت مۇدىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. سىيىت سوپى مەيلى قانداق خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى نەتىجىلىك ئورۇنداپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن

رايونلۇق 4 ـ ، 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1978 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1957 ـ يىلى جۇڭگو دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 3 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان.

يولداش يۇسۇپ ئاغا خەلقىنىڭ پەخىرلىنىدىغان ئەل سۆيەر ئوغلانى. شىنجاڭنىڭ قاتناش تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، ئۆز ئوبرازىنى خەلققە تونۇتقان ھەقىقىي خەلقپەرۋەر رەھبەر.

## مەخسۇم مەھەممەت

1936 ـ يىلى ئاغا يېزا تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە ئاغا مازار مەكتەپتە، 1951 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى كۈزدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئاتۇش جامائەت خەۋپسىزلىكى قوراللىق ئەترىتىدە، 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە يوپۇرغا ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئەترىتىدە ئىشلىگەن. 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدە بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما دەرىجىلىك رازۋېدچىك بولۇپ ئىشلىگەن، 1996 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئايدىن 1968 ـ يىلىغىچە ئوبلاستلىق تەشكىلات بۆلۈمى پارتىينى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئوبلاستلىق سىياسىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1970 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1980 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئاتۇش شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

## رازىق مەھەممەت

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت ئاق (1 ـ دۈي) تا تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1958 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئاتۇش توختۇيۇن، شورۇق مەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1972 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە سۇنتاغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان. 1979 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1984 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1986 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىد
بېرىلگەن مائارىپ گۈلزارىدا 30 يىل تىرىشىپ ئىشلەپ «يې
ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە تۆھپە قوشقان» لىق شەر
گۇۋاھنامىسىغا ۋە ماددىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

سېيىت سوپى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن تاشقىر
مەكتەپنىڭ ھۆججەت، قارار، قائىدە - تۈزۈم ماتېرىياللىرىنى
تەرجىمە قىلىپ ، تەھرىرلەپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، مەكتەپنى
چوڭ، مۇھىم يىغىنلىرىنىڭ تەرجىمە خىزمەتلىرىنى ئىشلە
تەرجىمە خىزمىتىدە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى
سېيىت سوپى 1997 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئانا يۇرتى ئاغ
يېزىسىغا ئولتۇراقلاشقان.

## توختى ئىمىن

1937 - يىلى 8 - ئايدا ئاغۇ يېزا ئاچچىق كەنتى 5 -
كوپېراتىپىدا تۇغۇلغان. 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئاغۇ
مەركىزىي مەكتەپنىڭ لەنگەردىكى شۆبىسىدە ئوقۇغان. 1949 -
يىلدىن 1954 - يىلغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان.
1954 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان. 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ئاچچىق
كوپېراتىپنىڭ زاپخوزى بولغان. 1958 - يىلدىن 1960 -
يىلغىچە ئاچچىق باشقۇرۇش رايونىنىڭ باشلىقى ۋە شۆجىسى
بولغان. 1960 - يىلى 6 - ئايدىن 11 - ئايغىچە گۇڭشې كادىرى
بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 - يىلى 11 - ئايدىن 1966 - يىلى 6 -
ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان.
1962 - يىلى ئۈرۈمچىدە بىر يىل ئوقۇغان. 1966 - يىلى 6

2000 - يىلى 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

## ئابدۇكېرىم توختى

1941 - يىلى 3 - ئايدا ئاغۇ يېزا ئارا مەھەللە كەنت باغئېرىق 10 - كوپىراتىپتا تۇغۇلغان. 1951 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مەكتىپىنىڭ پىلان، ستاتىستىكا كەسپىدە ئوقۇغان. 1957 - يىلى 8 - ئايدىن 1984 - يىلى 2 - ئايغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىلان - ستاتىستىكا ئىدارىسىدە ئىشلىگەن (1981 - يىلى سىچۈەن مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدا ئالتە ئاي بىلىم ئىشلىگەن). 1984 - يىلى 3 - ئايدىن 1996 - يىلى 6 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ مەملىكەت بويىچە 4 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

## سىيىت سىدىق

1944 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپ ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە ئاساسىي قاتلاملاردا چېنىقىشقا قاتناشتۇرۇلغان. 1979 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە يەكەن

باشلىقى، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1991 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا چىققان. رازىق مەھەممەت 1959 - ۋە 1963 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پىئونېرلار تەربىيىچىسى»، «ئىلغار ئىتتىپاق يېتەكچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

## رازىق نۇر

1941 - يىلى 2 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە، 1953 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1955 - يىلى 9 - ئايدىن 1958 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇغان. 1958 - يىلىدىن 1959 - يىلى 6 - ئايغىچە شۇ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1959 - يىلى 6 - ئايدىن 1965 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1965 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىرلار تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىگەن. 1970 - يىلىدىن 1972 - يىلى 2 - ئايغىچە ئۇلۇغچات ناھىيە كونا بازار گۇڭشېسىدا شۇجى بولۇپ ئىشلىگەن. 1972 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1975 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1978 - يىلى 11 - ئايدىن 1981 - يىلى 11 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1981 - يىلى 11 - ئايدىن 1986 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1992 - يىلى 3 - ئايدىن 1997 - يىلى 6 - ئايغىچە سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1997 - يىلى 6 - ئايدىن 1998 - يىلى 2 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولغان، 1998 - يىلى 2 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە مەھكىمە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## ھاكىم ئۆمەر

1944 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە كەنت ئويكوچىدا تۇغۇلغان. 1953 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1956 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىلات ھەيئىتى بولغان. 1962 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، لېكىن ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. 1963 -

ناھىيىلىك ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1984 ــ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1987 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، 1988 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1995 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## سالمان ئابدۇرېھىم

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنت ئۆستەڭبويى 10 ـ كوپىراتىپتا تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1960 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى كان مېتاللورگىيە مەكتىپىدە، 1961 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە قەشقەر كان مېتاللورگىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1972 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونى مەيدان چېگرا پونكىتىدا خىزمەتچى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1972 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇستەقىل پىيادىلەر 8 ـ يىڭى 2 ـ لىيەندە مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، 1976 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا 11 ـ تۇەن 2 ـ لىيەندە سىياسىي يېتەكچى بولغان. 1976 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 11 ـ

كۆۋرۈكلەرنى سالدۇرغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئاممىنىڭ تويۇق، يېقىلغۇ ئىشلىرىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەممە تەرەپلەرنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاغۇ 2 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىققان. بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ كىشىلەرنى كۆپلەپ يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. نەتىجىدە نەچچە ئون كىلومېتىر مۇساپە بېسىپ تاغ - ئېدىرلاردىن سۈزگەن ئەكىلىپ قالايدىغان ئاغۇلۇقلار بۈگۈنكى كۈندە ئاتۇش بازارلىرىنى يېقىلغۇ ئوتۇن بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى.

ھاكىم ئۆمەر يەنە ئاغۇدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆچەيتىپ تارقىتىش پونكىتى قۇرۇشقىمۇ زور كۈچ چىقىرىپ، يېزا خەلقىنى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى بىمالال كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. دېھقانچىلىق ساھەسىدە كۆپ قېتىم ئىزدىنىپ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن سورتلارنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى بوغداي سورتلىرىنى كۆپلەپ كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى.

ھاكىم ئۆمەر ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاغۇ 3 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ توپلاش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. ئۇ يەنە ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇپ، كاتتايلاق، ئازاق يېزىلىرىدا ئۇقتىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ئۇنۇم قازىنىشتەك روھى بىلەن بۇ ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ كاتتايلاق يېزىسىنىڭ زەيكەش چېپىش قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئاما بىلەن بىرگە يېتىپ - قوپۇپ كەتمەن چېپىپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرگەن.

يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ئائىلىسىدە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئۇيكوچا كەنتىنىڭ سۇيىنى باشقۇرغان ھەمدە سۇچىلىق، دېھقانچىلىق تېخنىكا كۇرسلىرىدا ئوقۇغان. 1964 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىنىڭ تەرجىمانلىق كۇرسىدا ئوقۇغان، 1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1967 ـ يىلىغىچە توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئوپال گۇڭشېسى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن، قىزىلتاغ يېزىلىرى، ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتلىرىدە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1967 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە، ئاغۇ يېزىسىدا تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1976 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك پارتكومدا تەرجىمانلىق قىلغان. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر، 1981 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىدا يېزا باشلىقى بولغان. 1988 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان. 1993 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1996 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ پارتىيە گورۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ھاكىم ئۆمەر پوتكول ۋۇجۇدىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغان تۆھپىكار، يۇرت سۆيەر ئوغلان. ئۇ ئاغۇ يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى بولغان مەزگىللەردە يېزىنىڭ سۇ ئىنشائاتى، يول قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، بىر قىسىم ئورۇنلارغا

كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1998 - يىلىدىن 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغا قەدەر ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇقادىر مەھەممەت 30 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئۆزىنىڭ مول ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىغا، يۇرتداشلارغا بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك.

## ئىسرائىل سالمان

ئىسرائىل سالمان 1947 - يىلى 7 - ئايدا ئاغۇنىڭ بازار بېشى مەھەللىسىدە تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى 1934 - يىلىلا ئاغۇ مەكتەپتە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان قىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، 1942 - يىلى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەپقالغان بىلىملىك ئايال ئىدى. ئىسرائىل 1960 - يىلىغىچە ئوقۇپ باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغاندا يېزىدا ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمىدى، دېگەن بىلەن مەكتەپ تاقىلىپ كېتىپ ئوقۇيالمىدى. ئەمما، ئۇ دادىسى بىلەن تۆمۈرچىلىك قىلغاچ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بارلىق دەرسلىكلىرىنى ۋە يېزىنىڭ بىر قىرائەتخانىسىدىكى 1000 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى ئون يىل ئىچىدە ئوقۇپ تۈگىتىپ، يۇرت ئىچىدە بالا زىيالىي دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1964 - يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن يېزىدىكى كەچ كۇرستا 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ

## ئابدۇقادىر مەھەممەت

1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت ساقا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلىغىچە قەشقەر قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپى، توققۇزاق (كونا شەھەر) ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، 1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلىغىچە توققۇزاق ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا، 1965 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1971 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە گۇچۇڭ ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1972 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستى تېكەس ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1974 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە تېكەس ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە تېكەس ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلات باشقارمىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە كۇيتۇن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، 1990 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات ئەزاسى، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ پارتىيە گورۇپپا شۇجىسى بولغان. 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت

يېزا باشلىقى بولۇپ سايلانغان. بىر يىل ئىچىدە يېزىدىكى سەككىز مەكتەپتە پۇتبول مەيدانى ياسىتىپ بەرگەن. ئاتۇش شەھىرى بويىچە يېزىدا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ كىشىلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرغان. 2000 ـ يىلى ئۇ بىر نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزا بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېزىنىڭ پۇتبول ئىشلىرىغا ئىلھام بەرگەن.

ئىسرائىل سالمان 1999 ـ يىلى ئاغۇ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى بولدى. شۇندىن بېرى يېزىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىنىڭ خىزمەتلىرىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى، يېزىدا يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ سىنىپىنى ئېچىپ 100 گە يېقىن ئىختىساسلىق خادىمنى تەربىيىلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنى كىشىلەر ھۆرمەتلەپ «ئەپەندىم» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ.

## روزى نۇر

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1954 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئاچچىق كەنتى ۋە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1961 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1964 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1968 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە قەشقەردىكى مەلۇم قىسىم لېيەندە

ساۋاتىنى چىقىرىپ، 1966 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاچقان تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ شېئىر - قوشاق يېزىشقا ھەۋەس قىلاتتى. 1964 - يىلى «ئىز باسىمىز» دېگەن شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىر - قوشاق ۋە خەۋەر - ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇردى. 1975 - يىلى ئۇ يېزىلىق رادىئو ئۆزىلىغا خىزمەتكە كىرىپ، يېزىنىڭ رادىئو ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇردى، پۈتۈن يېزا بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ يولغا قويغان يېزىدا بىرەر كىشى ئۆلسە (مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ماتەم مۇزىكىسى بىلەن مۇسىبەت خەۋىرى ئاڭلىتىش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ رادىئوغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئابرۇيىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

ئىسرائىل سالمان 1987 - يىلى ئاغۇ يېزىسىغا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ سايلانغان، ئۇدا ئۈچ قېتىم سايلىنىپ توققۇز يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن، بىر يىل يېزىلىق پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولغان. بۇ جەرياندا يېزىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىدا قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقان، ئاغۇدا تۇنجى بولۇپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرغان. ئىچىملىك سۇنى تورۇبىلاشتۇرۇپ چىققان. 1997 - يىلى ئاتۇش شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ، ئاتۇشنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. 1998 - يىلى ئۇ ئاغۇ يېزىسىغا قايتا

يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىدا تەرجىمان ۋە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئاتۇش بازارلىق ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن شۇجى بولغان. 1985 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە ئۈستۈن ئاتۇش يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە شۇجىسى بولغان. 1989 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1992 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. بۇ جەرياندا 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلى 5 - ئايغىچە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لوڭكۇ شەھىرىدە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ چېنىققان. ئىمام نامەت 1998 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ تىرىشچانلىق روھىغا باي بولۇپ، 1985 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ مەخسۇس كۇرس دىپلومىنى ئالغان. 2000 - يىلىدىن ئېتىبارەن تولۇق كۇرستا داۋاملىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئاسپىرانتلىق بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئاساس تۇرغۇزۇۋاتىدۇ.

ئىمام نامەت بىر ياراملىق رەھبەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە تونۇلغان ناتىق، سۆز ئۇستىسى، ئۇ يىغىنلاردا دوكلات بەرسە، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۇنىڭ ناتىقلىق تالانتىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىپ قايىللىقىنى بىلدۈرمەي قالمايدۇ.

## قۇربان ھاجى

1949 - يىلى 4 - ئايدا ئاغۇ يېزا تۆۋەنكى مەھەللە كەنتى 9 - كوپېراتىپتا تۇغۇلغان. 1956 - يىلىدىن

ئەسكەر بولغان. 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى مەلۇم قىسىم 5 ـ لىيەندە پەيجاڭ، سىياسىي يېتەكچى بولغان. 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە پەيزىۋات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1981 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە كادىر، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1990 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1997 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگان خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئۇ 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئىمام نامەت

1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1956 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1961 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئاغۇ ئارا مەھەللە كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1970 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1974 ـ

ئېلېكتر شىركىتىدە سىياسىي يېتەكچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر - ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئېلېكتر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1996 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئېلېكتر شىركىتىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2000 - يىلى 8 - ئايدىن هازىرغا قەدەر ئاتۇش توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىدە پارتكوم ھەيئىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئىدارىسى پارتكومى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

## مەھەممەت نۇر

1953 - يىلى 9 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنتى بۆلە (7 - كوپېراتىپ) مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى 9 - ئايدىن 1965 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1965 - يىلىدىن 1966 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1966 - يىلى 9 - ئايدىن 1969 - يىلى 3 - ئايغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 - يىلى 3 - ئايدىن 1971 - يىلى 10 - ئايغىچە ئاغۇ يېزىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1971 - يىلى 10 - ئايدىن 1975 - يىلى 2 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (هازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مەھەممەت ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1975 - يىلى 3 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم

1961 - يىلىغىچە مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلىدىن 1971 - يىلى 3 - ئايغىچە دۆلەت مۇداپىئە 6 - شىسى 18 - تۇەندە ئەسكەر بولغان. 1971 - يىلىدىن 1980 - يىلى 8 - ئايغىچە كانسۇ پولات زاۋۇتىدا كان باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلى 8 - ئايدىن هازىرغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بەش خىل مېتال شىركىتىدە دىرېكتور بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار ياچېيكا شۇجىسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

هازىرقى ئۇنۋانى ئىقتىسادشۇناس، ئۇ دادىل ئىش كۆرۈشكە ماھىر بولۇپ، قىزىلسۇنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان. 1999 - يىلى قىزىلسۇدا «ئاتۇش سودا شەھىرى» نى قۇرۇپ چىققان.

## ئابلىز توختى

1949 - يىلى 11 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنت ئېرىقبېشىدا تۇغۇلغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 1962 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1962 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 - يىلى 6 - ئايدىن 1970 - يىلى 9 - ئايغىچە قىزىلبايراق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1970 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق

دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئوبلاستلىق 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

## ئەركىن رەجەپ

1956 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1962 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە ئاغىز ئاچچىق باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 17 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1971 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە نىلقا ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1975 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئەدلىيە نازارىتى ئىشخانىسىدا تەرجىمان بولغان. 1981 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىدا «ئەدلىيە كەسپى ژۇرنىلى» نىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە «ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئاساسىي قانۇندىن لېكسىيىسى» دېگەن سەككىز پارچە كىتابنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1987 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1987 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ئەدلىيە نازارىتى تەشۋىقات ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «ئەدلىيە كەسپى ژۇرنىلى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. 1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كادىرلار

بىرلىك سەپ بۆلۈمىدە ۋە قىزىلسۇ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1975 - يىلى 11 - ئايدىن 1992 - يىلى 7 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا 1975 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە تەشكىلات بۆلۈم كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى، ئاساسىي ئىش بېجىرگۈچىسى بولغان. 1983 - يىلى 2 - ئايدىن 1991 - يىلى 8 - ئايغىچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 8 - ئايدىن 1992 - يىلى 7 - ئايغىچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1992 - يىلى 7 - ئايدىن 1998 - يىلى 2 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1998 - يىلى 2 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەھەممەت نۇر ئىزچىل تۈردە بىلىم تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، 1989 - يىلى 9 - ئايدىن 1990 - يىلى 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1995 - يىلى 5 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بېيجىڭ شىچاڭ رايونىدا ئەمەلىيەت جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن. 1999 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە غەربىي جەنۇب (چوڭچىڭ) يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

مەھەممەت نۇر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 5 -، 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 9 -، 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھەم

# مائارىپ خادىملىرى

## ئابابەكرى يۇسۇپ

1931 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1939 - يىلدىن 1944 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1944 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1952 - يىلدىن 1953 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، شۇ يىلى كۇزدە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سېرىلما باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ ئورۇندا 1955 - يىلىغىچە مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1955 - يىلدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي مائارىپ كەسپىدە ئوقۇغان. 1958 - يىلدىن 1982 - يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئاساسىي پەنلەر كافېدراسىدا گۇرۇپپا باشلىقى، مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ ئوقۇتۇش جەريانىدا بىرقانچە پارچە تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان.

## ياسىن ئۆمەر

1935 - يىلى 8 - ئايدا ئاغۇ يېزا يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلدىن 1946 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي

باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەركىن رەجەپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 1990 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلىغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا، ياش كادىرلار كۇرسىدا، 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى كادىرلار باشقارما باشلىقلىرى كۇرسىدا، 1994 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولغان. 1963 - يىلى 9 - ئايدىن 1965 - يىلى 5 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ سىياسىي - مەمۇرىي كەسىپىدە ئوقۇغان. 1965 - يىلى 5 - ئايدىن 1973 - يىلى 3 - ئايغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بۇلاقسۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. 1973 - يىلدىن 1985 - يىلىغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. 1985 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى قوغان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1988 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان.

## سىدىقجان توختى

1937 - يىلى 12 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزا تۆۋەنكى مەھەللە كەنت بۆلە مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1946 - يىلدىن 1952 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1952 - يىلى 5 - ئايدىن 1954 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ، قايراق قاتارلىق ئورۇنلاردا «يەر ئىسلاھاتى»، «ئاشلىق سېتىۋېلىش»، «ئومۇمىي سايلام» خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1954 - يىلى 8 - ئايدىن 1958 - يىلى 8 - ئايغىچە «ئۈرۈمچى ئىشچى - دېھقانلار تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىپى» دە ئوقۇغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلى 12 - ئايغىچە ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىندە سىنىپ تەربىيىچىسى، ئوقۇتۇش گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە 1960 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان. سىدىقجان توختى 1962 - يىلى 11 - ئايدا

مەكتەپتە ئوقۇغان. 1946 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1951 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئو خىمىيە فاكۇلتېتىدا، 1953 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سىۋېردىلوۋىسكىي كان - مېتاللورگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ رودا تاللاش كەسپىدە ئوقۇغان. 1958 - يىلى 8 - ئايدىن 1959 - يىلى 4 - ئايغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىدارىسىدە كادىرلار ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1959 - يىلى 4 - ئايدىن 1964 - يىلىغىچە قەشقەر كان ئىشلىرى ئىدارىسى، كانىسۇ رودا تاللاش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا، 1964 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا خىزمەت قىلغان. 1980 - يىلى 8 - ئايدىن 1995 - يىلى 12 - ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئانالىز خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى، فاكۇلتېت مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولۇپ، شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. كەسپىي ئۇنۋانى دوتسېنت.

## قايىل قادىر

1935 - يىلى ئاغۇ يېزا تۆۋەنكى مەھەللىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە، 1955 - يىلىدىن 1957 - يىلى 1 - ئايغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، 1960 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە كوناشەھەر ناھىيە بولاقسۇ يېزىلىق

قىلغان. 1956 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1959 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە ئۇ خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1976 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مائارىپ نازارىتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1985 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1989 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە ئۇنىۋېرسىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1993 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىققان.

تۇنسا توختى 1993 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا، 1975 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان.

ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل -

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ نەزەرىيە، تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1963 - يىلى 8 - ئايدىن 1965 - يىلى 5 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1971 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1973 - يىلىغىچە بۇ ئورۇندا خىزمەت قىلغان. 1973 - يىلى 7 - ئايدىن 1988 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارغا «پەلسەپە»، «سىياسىي ئىقتىساد» قاتارلىق پەنلەردىن دەرس بەرگەن.

سىدىقجان توختى 1988 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرگە، مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك مائارىپ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 - يىلى 1 - ئايدا بۇ ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان. كەسپىي ئۇنۋانى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى.

## تۇنسا توختى

1938 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىل شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق

ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇردى. كەسپىي ئۇنۋانى — دوتسېنت.

## مۇلۇك ھاجى

1939 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلى 9 - ئايدىن 1953 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان، 1953 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئىلگىرى- ئاخىر جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1994 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. بۇ جەريانىدا زاڭزۇلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان كلاسسىك داستانى «گىسار» نى قۇتۇلدۇرۇشتا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقاچقا، 1997 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «گىسار» نى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە «ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان تۆھپىكار» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مۇلۇك ھاجى يەنە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان، ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا

پاراسىتىنى نامايان قىلغان ئىقتىدارلىق ئاياللارنىڭ بىرى.

## ئىبراھىم خالىۋاي

1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى فىزىكا ـ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىدا، 1962 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1985 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ماتېماتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1996 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ مائارىپچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ماتېماتىكا دەرسى بېرىش بىلەن بىرگە بوش ۋاقىتلاردا تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1983 ـ يىلى «ئانالىتىك گېئومېترىيە»، 1984 ـ يىلى «ئادەتتىكى گېئومېترىيە» قاتارلىق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى

ئالغان.

ئابدۇقادىر هامۇت خىزمەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن مېھىر-مۇھەببىتىنى مائارىپ ئىشلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلاپ، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئابدۇقادىر هامۇتنىڭ تەرجىمە-تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن «ماتېماتىكىدىن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر»، (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991-يىلى 10-ئاي نەشرى)، «قانداق قىلغاندا بىئولوگىيىنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى)، «ياشانغانلار پسىخىكىسى توغرىسىدا» (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 50 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ماقالىلىرى بار.

## مىجىت هامۇت

1941-يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1949-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1957-يىلىدىن 1962-يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئۇجمە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1962-يىلىدىن 1979-يىلىغىچە يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1979-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1983-يىلى 5-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 42 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مىجىت هامۇت ئوقۇمۇشلۇق، ئىقتىدارلىق مائارىپچى بولۇپ،

ئېرىشكەن. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ شورلۇق تۇپراقلىرى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنغان. 2000 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. كەسپىي ئۇنۋانى پروفېسسور.

## ئابدۇقادىر هامۇت

ئابدۇقادىر هامۇت 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا دېهقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1947 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ـ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1958 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1963 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1981 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىندە ئىلمىي باشقارما باشلىقى بولغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1983 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ۋە داۋاملىق ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇشۇ جەرياندا ئۈچ قېتىم ئوبلاست تەرىپىدىن ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باهالىنىپ تەقدىرلەنگەن. 1993 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن هەمدە داۋاملىق ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالىي ئوقۇتقۇچىلىق ئۇنۋانى

ئوقۇتقۇچى ۋە يېتىملىق يارانتقۇچى، كەشپىياتچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن، مۇكاپاتلانغان.

## ئۆمەر روزى

1943 - يىلى ئاغۇ تۆۋەنكى مەھەللە ئۆستەڭبويىدا تۇغۇلغان. 1951 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1955 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1961 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلىدىن 1972 - يىلى 4 - ئايغىچە مەلۇم قىسىمدا قايتا تەربىيىدە بولغان. 1972 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە پولات زاۋۇتىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە فۇكاڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1984 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە سانجى ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1986 - يىلى 9 - ئايدىن 1992 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى، تەجرىبىخانا مۇدىرى بولغان. 1992 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن ئىنستىتۇت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

ئۇ يەنە بوش ۋاقىتلاردا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1989 - يىلى «باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى) ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلغان. 1996 - يىلى «17 -

ئۆزى دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

## ھەبىبۇللا ئەيسا

ھەبىبۇللا ئەيسا 1944 - يىلى 2 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئاغۇ يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1961 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1966 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن. 1968 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدا تەرجىمانلىق قىلغان. 1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ئېلېكترلەشكەن مائارىپ پونكىتىدە پونكىت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 - يىلدىن ھازىرغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ خىزمەت جەريانىدا ئىلگىرى - ئاخىر ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى، ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر

ئالغان. پارتىيە قۇرۇلۇشى كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلىگەن. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتى»، «ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتتىن ئومۇمىي بايان»، «پارتىيە قۇرۇلۇشى، پارتىيە رەھبەرلىكى» قاتارلىق دەرسلەرنى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى دەرسلەرنى سىستېمىلىق سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن ئومۇمىي بايان»، «ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن قىسقىچە دەرسلىك» قاتارلىق كىتابلارنى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان. «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە بويىچە دەرس ئوقۇش تېزىسى» قاتارلىق ئوقۇتۇش دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى يېزىشقا قاتناشقان. گېزىت - ژۇرناللاردا ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## توختىخان ئەمەت

1945 - يىلى 8 - ئايدا ئاغۇ يېزا يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1952 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1956 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1962 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ 1968 - يىلىغىچە ئۆز مەكتىپىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1968 -

نۆۋەتلىك فىزىكا ئولىمپىك مۇسابىقىسىدىن سوئال - جاۋابلار» نى تەرجىمە قىلغان (شىنجاڭ سەھىيە، پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشرى). 1991 - يىلى «ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا تەجرىبىلىرى» قوللانمىسىنى تۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز كەسپىگە ئائىت ئاللە پارچە ماقالىسى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ 1992 - يىلى مەكتەپنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1994 - يىلىدىن تارتىپ مەملىكەتلىك چوڭلار مائارىپى جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان. 1992 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## خېلىل تاجى

خېلىل تاجى 1943 - يىلى 6 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1951 - يىلى 9 - ئايدىن 1955 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلى 7 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1961 - يىلى 8 - ئايدىن 1964 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1964 - يىلى 8 - ئايدىن 1967 - يىلى 7 - ئايغىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1967 - يىلى 8 - ئايدىن 1980 - يىلى 8 - ئايغىچە بۇگۇر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلى 8 - ئايدىن ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

خېلىل تاجى 1990 - يىلى 11 - ئايدا دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى

ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1983 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇدىر بولغان. 1990 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە مۇپەتتىش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1991 - يىلىدىن هازىرغا قەدەر ئوبلاستلىق ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

كەسپىي ئۇنۋانى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى.

## ئابلىز رازاق

1958 - يىلى 9 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت باي توپى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە ئارا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1972 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1974 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1977 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1978 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. هازىرغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابلىز رازاق 1983 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان، ئۇزۇن مەزگىل مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1999 - يىلى 10 - ئايدا ئابلىز رازاق

يىلىدىن 1971 - يىلىغىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوغۇساق يېزىسىدا ۋە ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1971 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە كوناشەھەر ناھىيە سايباغ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1981 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى، 1988 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ خىزمەت جەريانىدا بىر قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئىش - پائالىيەتلىرى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىختىساسلىقلار قامۇسى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى» قاتارلىق سەككىز خىل قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن. كەسپىي ئۇنۋانى دوتسېنت.

## غوپۇر چوڭ

1950 - يىلى 8 - ئايدا ئاغۇ يېزا ئۇلۇغ ھويلىدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە، 1962 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە كاتتايلاق قارا يانتاقتا قايتا تەربىيىدە بولغان. 1970 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە كانسۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1982 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا

## ئۆتكۈر ئېلاخۇن

1957 – يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقتۇ، ئاتۇشلاردا تاماملاپ، 1975 – يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان. كېيىن قۇمۇلدا ھاۋا ئارمىيە قىسمىدا ئۇچقۇچى، ئەترەت باشلىقى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. ئۇ ئۇچقۇچىلىقتا ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن. كېيىن تۇەندە مۇئاۋىن كومىسسار بولغان. 1991 – يىلى كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

## شەۋكەت ئېلاخۇن

1959 – يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاقتۇ ۋە ئاتۇشتا تاماملاپ، 1976 – يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن. قىسىمدا تەربىيىچى ۋە تېلېفونىست بولغان. كېيىن ھەربىي قىسىمدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي قىسىمغا ئورۇنلاشقان. ھازىر بېيجىڭ قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 2001 - يىلى مەكتەپ پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. هازىرقى كەسپىي ئۇنۋانى دوتسېنت.

ئابلىز رازاق ياراملىق ئوقۇتقۇچى، ئىقتىدارلىق رەھبەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن پسىخولوگ، تىرىشچان قەلەمكەش. ئۇ هازىرغا قەدەر «قابىلىيەتنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشر قىلغان)، «جىنايەت پسىخولوگىيىسى» (شىنجاڭ ساقچى مەكتىپى باستۇرغان)، «پسىخولوگىيىدىن سوئال - جاۋابلار» (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئائىلە تەربىيىسى ئاساسىي بىلىملىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئوتتۇرا مەكتەپ پسىخولوگىيىسى» (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى باستۇرغان) ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئائىلە تەربىيىسى جەۋھەرلىرى» (ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى باستۇرغان)، «ساپا مائارىپى ۋە نەزەرىيىسى» (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى باستۇرغان)، «مائارىپ قانۇن - نىزاملىرى» (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى باستۇرغان) قاتارلىق يەتتە كىتابنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 50 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

ئۇ 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالىي مەكتەپنى يۇتتۇرگەن مۇنەۋۋەر ستۇدېنت بولۇپ باھالانغان. ئابلىز رازاق هازىر بىر تەرەپتىن، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزچىل تۈردە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

«يىراقتىكى ئۇچقۇنلار»، «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «ئامانىسساخان»، «تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن» قاتارلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئېلىپ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## رەجەپ تاجى

مەشھۇر ئاۋاز ئارتىسى رەجەپ تاجى 1930 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1949 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مۇزىكا ئەترىتىنىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن. 1960 ـ يىلى شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى (ھازىرقى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى) گە قوبۇل قىلىنغان. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «سەرگەردان»، «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»، «تەۋەككۇل ئەجىر»، «پۇل دېگەن نەرسە»، «ئېزىتقۇ» قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 150 تىن ئارتۇق ھېكايە ـ فىلىملىرىنىڭ تەرجىمە رېژىسسورلۇقىنى قىلغاندىن سىرت، يەنە «ۋۇ سۇڭ»، «شىئەن ۋەقەسى»، «موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى» قاتارلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە ئاساسلىق پېرسوناژلارغا ئاۋاز بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار»، «يول باشلىغۇچى»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «يېزىدىكى مۇھەببەت»، «ئېزىتقۇ»، «ئامانىسساخان» قاتارلىق فىلىملەردە رول ئالغان. *1991* ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، 1995 ـ، 1996 ـ يىللىق

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى

## توختى موللاتاجى

1929 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1936 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر مەزگىل ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتۇش ناھىيىسىدە ئېچىلغان يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر ئاي ئوقۇپ، ئاغۇ رايونى 1 ـ يېزىغا باشلىق بولغان. 1950 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا مەكتەپتە ئوينالغان بىر قىسىم دراممىلاردا رول ئېلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، شۇ مەكتەپنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسىغا ئېلىپ قېلىنغان. 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، 1988 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكىدە ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئۆمەك باشلىقى، ياچېيكا شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەر تۆككەن.

ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد كىنو ئارتىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1956 ـ يىلى شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن «باياۋاندىكى كۆرەش» فىلىمىدە يول باشلىغۇچى نەمەت بوۋاينىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ ئېكران ھاياتىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «بوستانلىقتا تەنتەنە»،

مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە تەرجىمە خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، چەت ئەل ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن ماقالىلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇ 1992 - يىلى 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

## ئوسمان ئابدۇۋايىت

1935 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1952 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان. 1958 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بىر يىل قومۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1961 - يىلى 10 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت بولۇپ ئىشلىگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ مەلۇم مەزگىل خىزمەتتىن ئايرىلغان. 1980 - يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنە ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1984 - يىلى ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندا بۇ ئۆمەككە كېلىپ 1995 - يىلىغىچە ئىشلىگەن. شۇ يىلى 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئوسمان ئابدۇۋايىت ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يۇمۇرستىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «گۈلنىسا»، «يالغۇز قىز» قاتارلىق درامىلاردا، «هۆرۈن»، «مەستىنىڭ خىيالى»، «هەسەتخور»، «باغاق»، «كونا جاي»، «كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما»، «توك -

نورۇز ۋە قۇربان ھېيت سەنئەت كېچىلىكىدە، 1994 - يىلىلىق «ئاتۇش سەيلىسى» سەنئەت فىلىمىدە رىياسەتچى بولۇپ، ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## بەختى روزى

1932 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلىدىن 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلى 11 - ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1950 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىدا بۆلۈم ئەزاسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1954 - يىلىدىن 1955 - يىلى 8 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1955 - يىلىدىن 1960 - يىلى 4 - ئايغىچە «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. بەختى روزى 1960 - يىلى 5 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، 1992 - يىلى 9 - ئايغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» سىياسىي مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئۇ 1983 - يىلى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك، 1992 - يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىنى ئالغان. بەختى روزى مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئىزچىل تۈردە ئىزدىنىپ نۇرغۇن يىرىك خەۋەرلەر، ئەدەبىي پارچىلار، تەپسىلىي خەۋەرلەر، نەسر - ھېكايە ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى

قوشقان.

## تۇرغۇن سىدىق

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاغۇ يېزا دۆڭبېشى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپىدە، 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1963 ـ يىلىغىچە قەشقەر كان ـ مېتاللورگىيە تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1963 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىدىن هازىرغىچە «قىزىلسۇ گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدى. شۇ جەرياندا ئۇ 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، 3000 پارچىدىن ئارتۇق ئاخبارات ماقالىسى، ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «ئەنجۈر ماكانىدىن كەلگەن ئادەم» قاتارلىق توققۇز پارچە ئەسىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ «قىزىلسۇ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىي بېتىگە ئۇزۇن يىل مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن، شۇ جەرياندا ياش ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، گېزىت ئەدەبىي بېتىنى كۆچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى ئالىي مۇھەررىر.

توك بىلەن پوك - پوك» قاتارلىق ئېپىزوتلارنى ئورۇنلاپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى «نامراتلار ئۆلگىسى» ناملىق VCD پىلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. 1992 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيىلەر ئارا سەنئەت مۇسابىقىسىدە ئۇ رولىغا چىققان «تويلۇق» ناملىق ئېپىزوت 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## تىلىۋالدى توختى

1939 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1952 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىدا، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنىپ سەنئەت ھاياتىنى باشلىغان. 1971 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە ئازاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1973 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1989 - يىلى 1 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقلىقىغا، 1993 - يىلى 3 - ئايدا ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 2000 - يىلى 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ خىزمەت جەريانىدا قىزىلسۇنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە

قىلىندى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن «دىۋانى سەككاكى» ، «دىۋانى ئاتايى» ، «دىۋانى لۇتپى» ، «دىۋانى زۇھۇرى» ، «سەددى ئىسكەندەرىي» ، «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» ، «ئارزۇگۇل» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى.

تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن ئا • س • پۇشكىننىڭ «مىس چەۋەنداز» ، «ئاكا ـ ئۇكا قاراقچىلار» ، لېرمونتوۋنىڭ «ئىسمىر بەگ» ناملىق داستانلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلىدىن 150 پارچە، قازاق تىلىدىن 40 پارچە شېئىر تەرجىمە قىلىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

قۇربان بارات ئىلمىي تەتقىقات ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئىزدىنىپ، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرلار» ، «شائىر زۇھۇرى — زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ» ، «توگمەس ناخشا شېئىر ئەمەسمۇ» قاتارلىق 18 پارچە ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «ئاق رومالللىق پەرىزات» ناملىق داستانى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر داستان مۇكاپاتىغا، مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان «پسىخولوگىيە» ناملىق كىتاب غەربىي شىمالدىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ كىتاب مۇكاپاتىغا مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىدا، «قىزىلگۇل» ، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شېئىر مۇكاپاتىغا، ئۇ تەرجىمە قىلغان شائىر ئەي چىڭنىڭ «نۇر قەسىدىسى» ناملىق داستانى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەدەبىي تەرجىمە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «كەچ كۈز لىرىكىسى» ،

## قۇربان بارات

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق شائىر قۇربان بارات 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە (تولۇقسىز) ئوقۇغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1962 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن. 1962 - يىلى 10 - ئايدىن 1970 - يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1970 - يىلىدىن 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كورلا شەھىرىدىكى شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ كوررېكتور ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، 1985 - يىلىغىچە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 - يىلىدىن 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

قۇربان بارات 1987 - يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى ئالغان.

قۇربان باراتنىڭ شېئىرلىرى 1956 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر «يېشىل ھايات»، «ئاق روماللىق پەرىزات»، «يېشىل تاغ، زۇمرەت دالىلار» (خەنزۇچە)، «قار گۈلى»، «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (بەش توم) قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى نەشر

گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## تۇرسۇنئاي ئابلىز

ئاغۇ خەلقىنىڭ 20 - ئەسىردىكى تۇنجى مەرىپەت پېشۋاسى ئابلىز قارىي ئەپەندىنىڭ چوڭ قىزى تۇرسۇنئاي ئابلىز 1943 - يىلى 7 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلى 9 - ئايدىن 1952 - يىلى 1 - ئايغىچە ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇ يىلى 2 - ئايدىن 1955 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1955 - يىلى 9 - ئايدىن 1958 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ بىئو - خىمىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. تۇرسۇنئاينىڭ ئاۋازى سۈزۈك ھەم يېقىملىق، راۋان بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇنىڭ ئوقۇشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتمەستىن، 1960 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىقىغا قوبۇل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇنئاي ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە دىكتورلۇققا دائىر نەزەرىيىۋى ئاساسى، ئەمەلىي بىلىمى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىستانسىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم تەجرىبىلىك دىكتورلارنى ئۇستاز تۇتۇپ بىر تەرەپتىن، ئۇلاردىن تەجرىبە ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئاڭلىتىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دىكتورغا ئايلاندى.

ئۇ دىكتورلۇق قىلغان مەزگىللەردە، جۇڭگو ۋە چەت ئەل

«ئامىنە» (پارچە)، «يېشىل هايات»، «سەن — بوركوت ئۇۋىسى، سەن — ئالتۇن بۆشۈك» ناملىق شېئىرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

قۇربان بارات هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى.

قۇربان بارات ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە تۆھپىسى خاسىيىتىدىن ئۇنىڭ تەرجىمىھالى «جۇڭگو ئەدەبىياتى چوڭ لۇغىتى»، «زامانىمىزدىكى مەشهۇر جۇڭگو ياشلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلار ئىندېكسى»، «جۇڭگو نەشرىيات مۇتەخەسسىسلىرى چوڭ لۇغىتى»، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى لۇغىتى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ئىسىملىكى لۇغىتى» قاتارلىق لۇغەت ۋە قامۇسلارغا، «بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز»، «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى» قاتارلىق كىتاب ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

شائىر قۇربان باراتنىڭ تەسىرى چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان. 1983 - يىلىدىن 1993 - يىلىغا قەدەر قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرچە، قازاقچە مەتبۇئاتلار ئۇنى ئەسەرلىرى، تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى بىلەن تۆز خەلقىگە ئالتە قېتىم تونۇشتۇردى. 1994 - يىلى 3 - ئايدا ئۆزبېكىستان رادىئوسى ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق ئاڭلىتىشىدا، ئۇنىڭغا هازىرقى زاماندىكى مەشهۇر ئۇيغۇر شائىرى، دەپ باها بېرىپ، 40 مىنۇتلۇق پروگراممىا بىلەن تونۇشتۇردى.

قۇربان باراتنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە

ئوقۇغان. 1965 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇغان. 1975 - يىلى مەركىزىي باليېت ئۆمىكىدە مەلۇم مەزگىل بىلىم ئاشۇرغان. 1986 - يىلى بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل رېژىسسورلۇق كەسپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1987 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا رېژىسسورلۇق كەسپىدە ئالىي تېخنىكوم بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن.

كۆرەش رەجەپ 1971 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغاندىن باشلاپ ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق كەسپىي تايانچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «خەلق گۈگۈمپىسى ياخشى»، «تەڭرىتاغ شادلىقى»، «شىنجاڭ ياخشى»، «مېنىڭ راۋابىم»، «شوخ يىگىت»، «شېرىن»، «ئوۋچىلار» قاتارلىق 40 نەچچە چوڭ - كىچىك يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ياخشى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ نومۇرلارنىڭ ئىچىدە «مېنىڭ راۋابىم» ناملىق يالغۇز ئەرچە ئۇسسۇل 1980 - يىلى دالىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

كۆرەش رەجەپ 1987 - يىلىدىن باشلاپ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، باش رېژىسسورلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ تىپتىكى ئوپېرا، ناخشا - ئۇسسۇللۇق داستان، ئۇسسۇللۇق ئوپېرالارنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئىشلىگەن چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەردىن «تەڭرىتاغدا ھەسەن - ھۈسەن»، «مەريەم ناسىرنىڭ سەھنىدىن خوشلىشىش كېچىلىكى»، «دىلنار ئابدۇللا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى»، 1996 - يىللىق مەملىكەتلىك مەدەنىيەت كاردورىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نەق مەيدان يىغىنىغا

فىلىملىرىدىن «بوستانلىقتىكى تەنتەنە»، «ئوننچى ئوق ئىزى»، «مۇھەببەت تىلدا ئەمەس، دىلدا» قاتارلىق يەتتە كىنونىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى ئوقۇپ، رادىئو درامىسى «ئۆي ئىشمۇ ئىش» تىكى خاسىيەتنىڭ ئاۋازىنى ياخشى بېرىپ، رادىئو ئاڭلىغۇچىلار قەلبىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

تۇرسۇنئاي ئابلىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى رادىئودا نەق مەيداندا ئاڭلىتىش پائالىيىتىدە دىكتورلۇق قىلىپ، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1985 - يىلى تەكلىپ بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە ئۈچ ئاي ئىشلەپ، بۇ ئورۇندىكىلەرنىڭمۇ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1988 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى بىلەن دەرسلىك قىلىپ ئۇتتۇلىدىغان «ھايۋاناتلاردىكى قاپلىق قۇرت كېسەللىكى» گە ئائىت 35 مىنۇتلۇق ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش فىلىمىنىڭ چۈشەندۈرۈش ئاۋازىنى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشلەپ بېرىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن 1988 - يىلى 1 - دەرىجىلىك دىكتورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1991 - يىلى 4 - ئايدا سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىققان.

## كۈرەش رەجەپ

داڭلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى كۈرەش رەجەپ 1953 - يىلى 11 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە ئاغۇ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە

ئېرىشتى.

كۈرەش رەجەپ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشقىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى»، «ئۇسسۇل تىلىغا ھۆرمەت قىلايلى»، «نېمە ئۈچۈن قەشقەر سەنئىتىدىن ھالقىيالمايمىز»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇل پەلسەپەسى» قاتارلىق 20 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارى ۋە نەتىجىسى بەدىلىگە 1998 ـ، 1999 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ساھەسىدىكى ھەم ئىختىساسلىق ھەم ئەخلاقلىق كەسپىي خادىم مۇكاپاتىغا، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى 2000 ـ يىللىق كوجىما مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالاندى.

ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، فرانسىيە، تۈركىيە، ماراكەش، ۋېتنام، بېلگىيە، يۇگوسلاۋىيە، گېرمانىيە، يەمەن جۇمھۇرىيىتى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، كۇۋەيت، ئوممان، فىنلاندىيە، گوللاندىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق 50 نەچچە دۆلەت، رايونلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رېژىسسور.

## ئەخمەت ئابدۇرېھىم

ياش تەمبۇرچى ۋە ناخشىچى ئەخمەت ئابدۇرېھىم 1957 ـ يىلى

ئاتاپ ئىشلىگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كېچىلىك «ئۆركەشلىگەن زەرەپشان» ، «تاغ ئاتا ـ سۇ ئانا» (قىرغىزچە) ناملىق داستان، 1994 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن «كۈرەش رەجەپ ئۇسسۇل ئىجادىيەت كېچىلىكى» ، «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ، «تېتىپ كۆرۈڭ قۇمۇل قوغۇنىنى» قاتارلىقلار سەھنىلەردە ئوينىلىپ، ئاممىنىڭ يۇكسەك ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە «تەڭرىتاغدا ھەسەن ـ ھۈسەن» ناملىق نومۇر 1995 ـ يىللىق مەملىكەتلىك «مەدەنىيەت مۇكاپاتى» غا، «تاغ ئاتا ـ سۇ ئانا» ناملىق قىرغىزچە ئەسەر ئاپتونوم رايوننىڭ بەش بىر قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك «مەدەنىيەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتتى.

ئۇ يەنە كىچىك تىپتىكى ئەسەرلەردىن «ئۆزۈلمەس مېلودىيە» ، «قۇملۇقتىكى روھ» ، «كاچۇڭ مەشرىپى» ، «شامان ئۇسسۇلى» ، «دولانلىقلار» ، «مەستانە» ، «قۇياشقا ئەڭ يېقىن كىشىلەر» ، «مۇز تاغدىكى ئوت» ، «پوتا ئۇسسۇلى» ، «ئۇيغۇر سەنەملىرى» ، «تەڭرىتاغ قىزى» قاتارلىق 60 نەچچە پارچە ئەسەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇلارمۇ ئوخشاشلا ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تەڭرىتاغ قىزى» ناملىق ئەسەر 1997 ـ يىلى كۇبا پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14 ـ قېتىملىق دۇنيا ياشلار فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا، «دولاندا ئوت» ، «مۇز تاغدا ئوت» ، «شېرىن» قاتارلىق ئۇسسۇللار مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ يەنە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 20 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمىگە ئۇسسۇل يېتەكچىسى، سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ قاتناشتى. بۇ فىلىملەرنىڭ بەزىلىرى مەملىكەتلىك مۇكاپاتلارغا

يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1987 - يىلدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

يالقۇن روزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1986 - يىلى باشلانغان بولۇپ، شائىر قۇربان باراتىنىڭ داستانى توغرىسىدا يازغان «‹ئاق رومالىلىق پەرىزات› داستانى توغرىسىدا» دېگەن تۇنجى ئەسىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىلى 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» قاتارلىق كۆپلىگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە زور بەس - مۇنازىرە قوزغىغاندىن سىرت، «مەمتىلى ئەپەندى» (مىرئەھمەت سىيىت بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ زور تەسىر قوزغىدى. «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، «خەلقئارادىكى ئىسلام دولقۇنى»، «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال - جاۋابلار»، «مۇستاپا كامال»، «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى پىلانلاپ نەشر قىلدۇردى. ھازىر ئۇ يېڭى ماقالە - ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ۋە نادىر ماقالە - ئەسەرلەرنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

## پاتىگۈل ئابدۇقادىر (ھاجى)

پاتىگۈل ئابدۇقادىر (ھاجى) 1965 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە

8 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە ئارا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1970 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە ئاغۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1972 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە كۇچادا مەلۇم قىسىمدا ئەسكەر بولغان. 1977 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇزىكا كەسپىدە ئوقۇغان. 1981 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدە، 1985 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1993 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ 1996 - يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك مال باھا ئىدارىسىدا، 1996 - يىلى شەھەرلىك دۆلەتلىك باج ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىپ، شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئەخمەت ئابدۇرېھىم ناخشا - مۇزىكىغا ماھىر بولۇپ، سەنئەت ئۆمەكلەردە ئىشلەش جەريانىدا كۆپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ ھېلىھەم ئاتۇش توي - مەشرەپ سورۇنلىرىدا 30 ئوغۇلنىڭ گۈلى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، شوخ كۈيلىرى بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى شاد ئەتمەكتە.

## يالقۇن روزى

تونۇلغان ياش ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزى 1966 - يىلى 3 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاغۇ يېزىسىدىكى مەركىزىي مەكتەپتە تاماملىغاندىن كېيىن، 1980 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1982 - يىلىدىن 1987 -

ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچىسى بولغان. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى» دە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «چىراغ ئۇسسۇلى» نى ئورۇنداپ 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ يىللاردا ئۇ شياڭگاڭ، تەيۋەن، تايلاند، كورىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا چىقىپ سەھنىلەردە ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنداپ، شۇ دۆلەت ۋە رايون تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرنى قالدۇرغان.

پاتىگۈل ئۇسسۇل كەسپىدىكى بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن 1997 ـ يىلى دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك ئارتىس ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئاساسلىق ئۇسسۇلچىسى.

## پاشا ئۆمەر

پاشا ئۆمەر 1966 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاغزىلۇق زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1972 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا سەنئەت تالانتى بىلەن 1977 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1981 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1988 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە بېيجىڭدىكى «شەرق» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1994 ـ يىلىدىن ھازىرغا

تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاغۇ مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. 1981 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىغا يۆتكىلىپ چىققان.

پاتىگۈل شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلىگەن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكلىرىدىن «تەڭرىتاغ شادلىقى» ، «كۆسەن بەزمىسى» قاتارلىقلاردا ماھارەت كۆرسەتكەن. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت كېچىلىكلىرىدە «گۈللەلله» ، قازاقچە ئۇسسۇل «قىمىز ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى ئورۇندىغان. «تەڭرىتاغ شادلىقى» سەنئەت كېچىلىكىدە 3 ـ دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. 1986 ـ يىلى ئويۇن قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە چىققان. شۇ يىلى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. ئۇ شۇ قېتىم ئورۇندىغان «تەزە ئۇسسۇلى» 3 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

پاتىگۈل 1990 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، كەسپىي جەھەتتە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. نامى كەڭ ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىگە تېخىمۇ تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇ 1994 ـ يىلى «ئاتۇش سەيلىسى» سەنئەت فىلىمىدە يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان «گۈلمەرەم» دېگەن ئۇسسۇل كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. 1997 ـ يىلى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق دراما «كروران گۈزىلى» دە ۋە سەھنىلەشتۈرۈلگەن «چەببىيات» مۇقامىدا ئاساسلىق ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچى بولغان. 2001 ـ يىلى «ئاتۇشتا نورۇز» سەنئەت فىلىمىدە «ئاتۇش سەنىمى» ۋە «پەتە ئۇسسۇلى» نىڭ ئاساسلىق

ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، چولپانلار قاتارىدا سانالغان. ئۇ 2001 - يىلى 9 - ئايدا تەكلىپ بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت فېستىۋالىغا قاتنىشىپ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەڭ يۇقىرى رىغبەتلەندۈرۈش مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

پاشا ئۆمەر 1993 - يىلىدىن باشلاپ، ئامېرىكا، فرانسىيە، ھىندونېزىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئويۇن قويۇشقا چىقىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇسسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغاندىن سىرت، يەنە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ياخشى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى.

پاشا ئۆمەر 20 يىلدىن ئارتۇق سەنئەت ھاياتىدا ھەرقايسى جايلاردا تۈرلۈك شەكىلدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ھەرقايسى مىللەتلەرگە تونۇتۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

پاشا ئۆمەر ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندىن سىرت، يەنە خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ ھازىر شياڭگاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

قەدەر شياڭگاڭ ئۆسمۈرلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە شياڭگاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل يېتەكچىسى، ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

پاشا ئۆمەرنىڭ سەھنە ھاياتى 1981 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ شياڭگاڭ ھېكايە فىلىمى «ئېزىتقۇ» دا باش ئايال پېرسوناژ رولىنى، جۇڭگودا ئىشلەنگەن «قاپلان ئۇۋىسىدىن قايتىش»، «خەلقئارا چوڭ قوتقۇزۇش لاگېرى» قاتارلىق ھېكايە فىلىملەردە ئاساسلىق روللارنى ئالغان. بۇلاردىن باشقا يەنە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن «ياۋايى تىنىق»، «تىمتاس گۇگۇم»، «سۈت ساتقۇچى ئايال»، «ئۆتەك مېھرى»، «گۈزەل چاغلار» قاتارلىق فىلىملەردە باش رول، ئاساسلىق روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن.

پاشا ئۆمەر 1993 - يىلىدىن باشلاپ شياڭگاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇسسۇل سەھنىسىدىن ئايرىلماي ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ يارقىن، جەزبىدارلىقىنى شياڭگاڭ خەلقىگە تولۇق ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ يۇكسەك ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شياڭگاڭ دراما ئۆمىكى ئورۇندىغان «دولان گۈلى» نىڭ ئۇسسۇلىنى ئىشلەپ بەرگەندىن سىرت، يېقىندا گوللاندىيە ئامستېردام خەلقئارا ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئۇسسۇل ئىشلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شياڭگاڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشىنى تەبرىكلەش سەنئەت پائالىيىتىدە ئاساسلىق رول ئالغان؛ بىر قېتىم شياڭگاڭدا «يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر قىزى پاشا» ناملىق يالغۇز كىشىلىك سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ھەر ساھە

تارىخىي ئەسەرلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئوقۇپ تاماملىغان. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە دوستلۇقنى قەدىرلەش، سەمىمىي، راستچىل بولۇش، باشقىلارغا ياردەم قىلىشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتلەر يالقۇنجاپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

سىيىت نىياز شىنجاڭنىڭ يول قۇرۇلۇشى ۋە باشقا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقاچقا، 1995 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق مەرىكىسىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا «شىنجاڭنىڭ 40 يىللىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تۆھپە قوشقان خادىم» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

سىيىت نىياز گەرچە بۇ يىل 70 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا جۇشقۇن، تېتىك بولۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى نامايان قىلىپ ھالال ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئابلەت ھوشۇر

1932 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1943 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلى 9 - ئايدىن 1952 - يىلىغىچە ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشقان. 1952 - يىلى ئاتۇش 1 - رايونىنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى بولغان. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. بىر يىل ئاغۇ رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1955 - يىلىدىن 1992 - يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

# پەن - تېخنىكا خادىملىرى

## سېيىت نىياز

1931 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ دۆڭبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1945 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. 1949 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ تاللىشى بىلەن ساقچىلىققا قوبۇل قىلىنغان ھەم قەشقەردىكى ئاق ئوردىدا ئالتە ئاي ساقچىلىقتا تەربىيە ئالغان. سېيىت نىياز 1949- يىلدىن 1957- يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا ساقچى بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، 1957 - يىلىغا كەلگەندە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى قوغداش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1962 - يىلىغا كەلگەندە، خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، 1969 - يىلغىچە ئىشلىگەن. 1969 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمىسى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىدە بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ، 1998 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر خىزمەت قىلغان. ھازىر ئۈرۈمچى سەنشىخاڭزىدا ئولتۇراقلاشقان.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا بىلىم ئىگىلەشكە ھېرىسمەن بولۇپ، جۇڭگو، چەت ئەللەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن «سۇ بويىدا»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ئانا» قاتارلىق رومانلارنى ۋە بىر قىسىم

خەتلىك كىتابنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، بۇ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## يولداش تاجى

1937 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1951 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە، 1954 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتى ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1998 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 1957 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ماشىنىسازلىق باشقارمىسىدا، 1962 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش باشقارمىسىدا، 1974 - يىلىدىن 1984 - يىلى 4 - ئايغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپىدە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1984 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق نازارىتى پەن - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1994 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1998 - يىلى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەتقىقاتچى بولغان ھەم شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا

بەنگوڭتىڭدا خىزمەت قىلىپ، شۇ ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان.

## ئابدۇقادىر ئىمىن

1937 - يىلى يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1951 - يىلى 3 - ئايدىن 1953 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1953 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1956 - يىلىدىن 1961 - يىلى 6 - ئايغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزا ئىگىلىك - بىئولوگىيە پەنلىرىنى ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى سۇ - تۇپراق ئېكولوگىيە قۇم تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ئىشلەپ شۇ ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان. ھازىرقى ئۇنۋانى ئالىي ئىنژېنېر.

ئۇ 1982 - يىلىدىن 1995 - يىلىغا قەدەر ئىنىستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ كۆپ يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق سۇ - تۇپراق، قۇم تەتقىقاتىغا دائىر «قۇم تەتقىقاتى توغرىسىدا»، «ئۆسۈملۈكشۇناسلىق توغرىسىدا» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. يايلاقچىلىق، ئۆسۈملۈكشۇناسلىققا دائىر بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «ئۆسۈملۈك پىلوراسى» تەتقىقات تېمىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1992 - يىلدىن 1994 - يىلىغىچە ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىككى توم «پەن - تەتقىقاتنى باشقۇرۇش ئىلمى توغرىسىدا» ناملىق 300 مىڭ

ئىگىلىك مەكتىپىدە، 1960 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا، 1962 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بېيجىڭ سۇ ئېلېكتىر ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1966 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ بۇ ئورۇنغا كەلگەندىن كېيىن، 1981 - يىلىغىچە سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تېخنىكا ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1981 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سۇ ئېلېكتىر قېدىرىپ تەكشۈرۈش، لايىھىلەش ئورنىدا ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى تۇدۇنغۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كەلكۈن چۈشۈرگۈچ قىسمىنى، 1979 - يىلى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل دەريا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كەلكۈن چۈشۈرگۈچى قىسمىنى، كۆۋرۈك قىسمىنى، 1982 - يىلى غۇلجىدىكى توخەي سۇ ئېلېكتىر ئىستانتىسىسىنىڭ دامبا قىسمىنى، 1983 - يىلى ئاقسۇدىكى شىداچاۋ (غەربىي چوڭ كۆۋرۈك) ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئۈستەڭ قورۇلۇشى، سۇ بۆلگۈچى قىسمىنى، 1990 - يىلى كورلىدىكى داسەنكو ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تاقاق، كەلكۈن چۈشۈرگۈچى قىسملىرىنى، 1992 - يىلى خوتەندىكى ئۇلۇغ ئاتا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ دامبا قىسمىنى، 1994 - يىلى قەشقەردىكى ئىككىنچى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئۈستەڭ قورۇلۇشى، تاقاق قورۇلۇشى، كۆۋرۈك قورۇلۇشلىرىنى مۇستەقىل لايىھەلەپ چىققان بولۇپ، ئۇ لايىھەلەپ چىققان تۈرلەردىن 15 دىن ئارتۇقى ئىشلىتىلگەن. 1994 - يىلى ئۇ ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى 1997 - يىلى «جۇڭگو ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرى لۇغىتى شىنجاڭ قىسمىنىڭ 2 - توپلامى» غا كىرگۈزۈلگەن. 2000 - يىلى «جۇڭگو

ئېرىشكەن.

## تۇرسۇن تاش

1941 - يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1952 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1959 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شىنجاڭ سانائەت قاتناش بىناكارلىق مەكتىپىنىڭ ئاپتوموبىل كەسپىدە ئوقۇغان. 1964 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە قەشقەر 6 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1 - كالونىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1974 - يىلى 11 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - كالوندا ماشىنا بەلگىلىگۈچى بولغان. ئۇ يەنە 2 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلى ئاپتوموبىل ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا، 1995 - يىلى ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1986 - يىلى ۋە 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئۈلگىسى» ، «مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ترانسپورت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ھەجەر ئابدۇقادىر

1944 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ بازارىبېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە ئاغۇ مەكتەپتە، 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1959 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ يېزا

# تېببىي خادىملار

## ئىلىۋالدى قاسىم

1941 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارامەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قەشقەر تېببىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاۋات ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىدە ئىدارە باشلىقى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غۇلجا ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە سەھىيە ئىدارىلىرىدا ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ 1994 ـ يىلى مۇئاۋىن باش ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1971 ـ يىلى مەملىكەتلىك «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ باھالانغان. شۇ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك سەھىيە خىزمىتى يىغىنىغا

مۇتەخەسسىسلىرى لۇغىتى» تەرىپىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن.

## ئاخۇنجان روزى

1953 - يىلى 3 - ئايدا ئاغۇ ئارامەھەللە 5 - كوپىراتىپتا تۇغۇلغان. 1961 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە ئارامەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1964 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە، 1966 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1968 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1974 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ 1996 - يىلىغا قەدەر ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 1976 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، باشلىقى، 1990 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولغان. 1996 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىسى ئۇجمە يېزىسىدا يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، ۋەزىپە بىلەن چېنىققان. 1997 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ئوبلاستلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە ئاقچى ناھىيە قارا بۇلاق دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. 1974 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. 1988 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە دوختۇرخانا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ھازىرقى ئۇنۋانى مۇدىر ۋىراچ. ئۇ دوختۇرلۇق قىلغان جەرياندا مۇرەككەپ، قىيىن ئوپېراتسىيە ئىشلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشقان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان.

## ئابدۇرەخىم ھۇسەن

1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاغۇ يېزا تۈۋەنكى مەھەللە كەنت 11 ـ كوپىراتىپتا تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1960 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلى ئاغۇ دوختۇرخانىغا يالاڭئاياغ دوختۇر بولۇپ ئورۇنلاشقان. 1962 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە دوختۇرخانىدا كاسسىر، دورىگەر، بوغالتىر، دوختۇر ۋە دوختۇرخانا مەسئۇلى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. 1962 ـ يىلى قىزىلسۇ تېببىي مەكتەپتە بىر يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1975 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1976 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغا قەدەر ئاغۇ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

قاتناشقان. 1974 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز خىزمەت ئورنىدا ئون قېتىمدىن ئارتۇق «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ بەش پەرزەنتىنى يارامىلىق تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قىلدى. چوڭ ئوغلى نىجات ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوغلى دىلمۇرات شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر ياپونىيىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ، ئوغلى خالمۇرات ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش دوختۇرخانىسىدا، قىزى تۇرسۇنئاي ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىدا، قىزى مېھرىئاي لەنجۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئوسمان

«ئابدۇرېھىم دوختۇر» دەپ ئاتىلىپ قىزىلسۇ، جۈملىدىن ئاتۇش خەلقىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئابدۇرېھىم ئوسمان ئەپەندى 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاغۇ يېزا يۇقىرىقى مەھەللە 5 ـ كوپېراتىپتا تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە مازار مەكتەپتە، 1956 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە قەشقەر تېببىي مەكتەپتە، 1960 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان. 1966 ـ

بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان.

ئۇ يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يېمەكلىك، گېگىنا ۋە سالامەتلىك»، «قەنتلىك دىئابىت كېسەللىكى ۋە ئۇنى تونۇش» قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلغان.

## شۆھرەت ئېلاخۇن

1955 ـ يىلى ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاقتۇدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇشتا تاماملاپ، بىر مەزگىل قىزىلبايراق مەيدانىدا چېنىقىشقا قاتناشقان. كېيىن ئاقتۇ ناھىيىلىك پوچتىخانىدا خىزمەت قىلغان. 1975 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1978 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەزكۇر مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرلاردىن بولۇپ قالغان. ھازىر تۈركىيە ئىستانبۇل دۆلەتلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

## پەرھات بەختى

1960 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1967 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ داۋالاش

ئابدۇرەخىم ھۆسەن گەرچە ئالاھىدە يۇقىرى مەنسەپ تۇتمىغان بولسىمۇ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا بارلىقىنى خەلققە تەقدىم قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرغاچقا، يۇرت كىشىلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. بولۇپمۇ ئاغۇ دوختۇرخانىنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كېلىشىدە ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور.

## مەمتىمىن ئەمەت

1942 - يىلى 10 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلدىن 1954 - يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئوقۇغان. 1954 - يىلدىن 1957 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1957 - يىلدىن 1960 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي مەكتەپتە، 1960 - يىلدىن 1961 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە دوختۇر بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە قوشۇمچە قىزىلسۇ تېببىي مەكتەپتە دەرس ئۆتكەن. 1964 - يىلدىن 1973 - يىلىغىچە ئاقتۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلغان. شۇ يىلى 8 - ئايدا يەنە ئوبلاستلىق دوختۇرخانىغا ئالمىشىپ كېلىپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمىدە كېسەل كۆرۈش بىلەن بىرگە تېببىي مەكتەپتە دەرس ئۆتكەن. 1989 - يىلدىن ئېتىبارەن دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ قىزىلسۇ تېببىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

مەمتىمىن ئەمەت 1979 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئاشقازاننى ئەينەكتە تەكشۈرۈشنى ئۆگەنگەن. 1987 - يىلى بېيجىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بالىلار كېسەللىكلىرى يېڭى بىلىملىرى

كەسپىدە، 2001 - يىلى 6 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك مەسئۇل دوختۇرلار ناركوز يېڭى تەرەققىيات كۇرسىدا ئوقۇپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن.

جەڭگىۋار ساۋۇت خىزمەتتە ئەستايىدىل، كەسپتە تىرىشچان بولغاچقا، 1988 - يىلى ئوبلاستلىق دوختۇرخانا ناركوز بۆلۈمىنىڭ مودېل ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇ يەنە خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەملىكەت دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا «ئۇچ ئاچماق نېرىپ ئاغرىقىنى داۋالاشتىن بەش مىسال»، «يۈرەك نەپەس توختاپ قېلىشتىن سەككىز مىسال» قاتارلىق ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە، ئاپتونوم رايونلۇق مەتبۇئاتلاردا «قان ئارىلاشتۇرۇپ قاتتىق پەردە سىرتىدىن ناركوز قىلىشتىن 50 مىسال»، «يېرىم ئايچە نېرىپنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز نېرىپچە ئاغرىقنى داۋالاشتىن 12 مىسال» قاتارلىق بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. 1985 - يىلى بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە ئوپېراتسىيىگە كىرىدىغان كېسەللەرگە ناركوز قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلمەكتە. 1990 - يىلدىن تارتىپ ئۆزى ئاغرىق توختىتىپ داۋالاشنى يولغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ بويىچە ناركوز دوختۇرلىرى ئىچىدىكى كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى دوختۇرلارنىڭ بىرى. ھازىرقى كەسپىي ئۇنۋانى مەسئۇل ۋراچ دوختۇر.

## دىلنۇر تاجى

1967 - يىلى 3 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە كەنت 2 - كوپېراتىپىدا تۇغۇلغان. 1969 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە تۆۋەنكى مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1974 - يىلدىن 1982 -

كەسپىدە ئوقۇغان. نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، مەكتەپتە قېلىپ شۇ يىلى 9 - ئايدا ئىنىستىتۇت قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. ھازىرغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ 1999 - يىلىدىن تارتىپ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بىر قىسىم ماقالىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ.

## جەڭگىۋار ساۋۇت

جەڭگىۋار ساۋۇت 1963 - يىلى 8 - ئايدا ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنت 5 - كوپىراتىپىدا تۇغۇلغان. 1970 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1975 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1978 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان. 1982 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى ناركوز بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.

جەڭگىۋار ساۋۇت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 1984 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ ناركوز كەسپىدە، 1989 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 - قېتىم ئېچىلغان ئاغرىق توختىتىش داۋالاش كۇرسىدا، 1994 - يىلى مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق ئاغرىق توختىتىش داۋالاش كۇرسىدا، 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ داۋالاش

تۇردى ھېسامىدىن، سەنئەت ساھەسىدە ئىپارگۈل قۇربان؛ باشقا ساھەلەردە خىزمەت ئۆتەۋاتقانلاردىن قەييۇم قاسىم، شەمسىيە ئۆمەر، ساۋۇت نۇر، مەمەتجان، نۇرنىسا ھىمىت، تۇرنامەت، ھۆرىگۈل، ئالىم نۇر، غەلىبجان مەمتىلى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆزگە كۆرۈنىۋاتقان ئەنۋەر قادىر، قۇربانجان قاسىم، فۇكاگدىكى پېشقەدەم مائارىپچى ھامۇتجان ئابدۇقادىر، ئۈرۈمچىدىكى ئەركىن يولداش، پەرھات مامۇت، نىجات روزى، راخمان تۇرغۇن، قەشقەر شەھىرىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىدىكى سىيىت تۇردى، قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى تۇردى ھېلىم، قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئېلى يۇسۇپ، ئابلىز سۇلايمان، يۇسۇپ بەكرى، يەكەندىكى قەيسەر سىيىت، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەختەر سىيىت، پوسكام نېفىتلىكىدىكى مەھەممەتجان تىلىۋالدى، مەھەممەتجان ناسىر، خۇشۇت ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئابلىكىم قادىر، قەشقەردىكى ۋايىت ئىسلام، شەرۋانە قادىر، تىلىۋالدى موللاۋلا، ئامانگۈل ئىسلام، گۈلباھار قايىل، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى قۇربان ھېكىم، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە ئاتۇش شەھىرىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققانلاردىن مائارىپ ساھەسىدە زورىخان ئۆمەر، سېتىۋالدى ئابلا، بۇۋىئايشەم ئىبراھىم، مەمتىلى روزى، ھاجى ئىشان، زۇنۇن، ساۋۇت، يېزا ئىگىلىك ئىنژېنېرى سەپەر تاش، ئېلېكتر ساھەدىكى سالمان تاجى، باشقا ساھەلەردىن ئارىپ ناسىر، ھوشۇر ئىسلام، قۇربان ھاشىم، ئارىپ مەمەت، ھاجى كېرەم، ئابلەت ئابدۇقېيۇم، ئابدۇقادىر رۇسۇل، ۋايىت تاجى، ھازىرغا قەدەر خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن مائارىپ ساھەسىدە ئەنۋەر تاجى، ئابدىلجان خەتتاپ، غەيرەت توختى، قۇربان قايىل، گۈزەلنۇر ئابلا، رەشىدە ھوشۇر،

يىلىغىچە ئاغۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1982 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1984 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇ 1990 - يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، 1994 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى 13 - قارارلىق ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ يۈرەك قان تومۇرى ئىچكى كېسەللىكلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىپ مول ئەمەلىي ئىقتىدار ھازىرلىغان. ئۇ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ كادىرلار كېسەلخانىسى 3 - بۆلۈمىدە مەسئۇل ۋىراچ بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 15 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەپ بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلگەن تۆھپىكارلاردىن تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر پويىز شوپۇرى، قۇمۇل تۆمۈر يول ئىدارىسى مېخانىزم ئوچاستكىسىنىڭ دەم ئېلىشقا دىققان ئىشچىسى تىلىۋالدى ئەمەت؛ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان مەتەخەسسىسلەردىن ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىكى قەيسەر ئابدۇقادىر، ئىزدىنىش روھىغا باي زىيالىيلاردىن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى دىلشات تۇرسۇن، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىدىكى ئابدۇرېھىم دۇما، ليۇداۋەن كۆمۈر كانىدىكى ھەسەن ئاتۇش، تۇرغۇن سىدىق، سەمەت، قاتناش ترانسپورت ساھەسىدىكى توختى ياسىن، سەمەت قاھار،

ھەسەن، ئەنۋەر تىلىۋالدى؛ مائارىپ، سەھىيە ساھەسىدە ئابلاجان ئوسمان، غەيرەت نۇر، قۇربانجان توختى، ئىلھام سۇلايمان، سالمان مامۇت، نۇرمەمەت ئاخۇن، تۇردى ئۆمەر، كامىل تۇرسۇن، نۇرگۈل خۇدۇيۇم، ئەسقەر تۇرغۇن، كامىل ھاجى، تۇرسۇن ئەمەت، تۇرسۇن تاجى، ئەنۋەر ئەخمەت، تۇردى ئۆمەر، تاجىگۈل ياسىن، بۇمەريەم تۇردى، پەرىدەم مۇلۇك، گۈلجامال ئارىپ، كەنجىقىز قادىر، باھارگۈل ئارىپ، گۈلنۇر ئابلىز، پاتىگۈل رىشىت، گۈلقىز ھاجى، كامىل ياسىن، خانقىز، تەلئەت قېيۇم، گۈلنىسا، ئەسقەر باھاۋىدىن، قەدىرىيە تۇردى، يالقۇن ئىمام، گۈلقىز سەمەت، ئېلى ھوشۇر، زاھىر ئىسرائىل، ئابلەتجان ئابدۇرەھىم، سەمەت ئەمەت، ئىززەتخان؛ باشقا مەمۇرىي ساھەلەردىن يېزا باشلىقى مۇختەر مىجىت، قۇربان تاھىر، ئارىپ سوپى، سەمەت قادىر، ئابلىكىم ئابباس، ئەسقەر يولداش؛ ئاغۇ يېزىلىق يەر باشقۇرۇش پونكىتىدىكى روزاخۇن ۋە يەنە باشقىلاردىن ئالىم تۇرسۇن، ئەمەتجان بارات، ئابدۇۋارىس ئاۋۇت، خانقىز ھامۇت، ھاجى قادىر قاتارلىق ئەۋلادلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك بۇرچىنى ئادا قىلماقتا. يۇقىرىقى ئەۋلادلارنىڭ ئەل ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تارىخ بېتىدە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ. كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ پەخىرلىك نامىنى تىلغا ئالغاندا، گۈلدەستىلەر تەقدىم ئېتىپ، قەلب تۆرىدە ھەرۋاقىت ھۆرمەت ئېكرامى تۇرغۇزىدۇ.

ئاغۇ دىيارىدا يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرغان، نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلەردىن باشقا يەنە نامىنى تىلغا ئالمىغان نۇرغۇن تۆھپىكار قىز - ئوغلانلىرىمىز چىققان ھەم چىقىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت ئېھتىراممىزنى بىلدۈرىمىز.

گۆھەرنىسا تاش، ھەسەنجان ئابدۇرېھىم، تەۋەككۇل نۇر، غالىپ ئابدۇقېيۇم، مەمەتجان مۇلۇك، مۇنەۋۋەر مىجىت، يالقۇن ئابدۇقادىر، يالقۇن تۇرسۇن، قۇربانجان سىيتىۋالدى، غالىپ ئوبۇل، ئەركىن تۇردى، ئابلجان ھېيت، ئەركىن ساۋۇت، قەمبەرنىسا قاسىم، مەريەمگۇل توختى، گۈزەلنۇر ھاكىم، ئەسقەر ئابدۇرەخىم، نۇرگۇل ھاجى كېرەم، نۇرگۇل سالمان؛ سەھىيە ساھەسىدە ئوسمان ھوشۇر، ئابابەكرى، خالىدەم ناسىر، ئادىل ئاباق، قەلبىنۇر، ئىمامھەسەن ئەركىن، جاسارەت ئابدۇقادىر؛ يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ئازات ئابلىز، ئەكبەر ھەسەن، سەمەت ھوشۇر، قادىر ئوسمان، ھۈسەنجان ئابدۇرېھىم؛ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئابدۇراخمان ھوشۇر، تۇردى ئاخۇن ئابدۇرېھىم، ئايگۇل ھاجى، پەرھات ياسىن؛ قانۇن ساھەسىدە ئەخمەت تىلىۋالدى، مۇتىللا، يۈسۈپجان ئەمەت، كۈرەش توختى، قۇربان ئاباق، تۇرغۇن ئىبراھىم، ئەركىن خەتتاپ، تىلىۋالدى ھاشىم؛ ئۇلۇغچات ناھىيىسى ۋە كانسۇ رايونىدىكى قاۋۇل، ئىسرائىل، مەھەممەت ئىبراھىم تاش؛ باشقا كەسپىي مەمۇرىي ئورۇنلاردىن يالقۇن تۇردى، ئازاد، ئەسقەر مامۇت، ئىرپان مامۇت، ئىسلاجان تىلىۋالدى، قۇربانجان مەمەت، ئەخمەت ئارىپ، قەيسەر موللاۋۇلا، پەخرىدىن ئابلا، ئەمەتجان توختى، يالقۇن قۇربان، قەھرىمان توختى، قۇربان نۇر قاتارلىقلار؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت قىلغان ئىسلام روزى، ئاشلىق ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان ئابدۇرېھىم تاجى، خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلغان راخمان قۇربان؛ ئاغۇ يېزىسىدا خىزمەت قىلغان ھەم خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە سەلەي تۇردى، ئايۇپ قۇربان، ھوشۇر ئۆمەر، مەمتىلى جالالىدىن، تىلىۋالدى، گۈزەلنۇر تۇردى؛ چارۋىچىلىق ساھەسىدە ئەنۋەر

بارمىسۇن ئەستايىدىللىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، باشقىلارنىڭ ئۇجابىي تەجرىبىلىرىنى توپلاپ خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭدى. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر يېڭى - يېڭى ئۇسۇل - چارىلەر توغرۇلۇق كۆپلەپ ئىزدەندى. ئۆز ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ يۇقىرى ساپالىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى قەلب دەپتىرىگە خېلى بۇرۇنلا پۈتۈپ قويىدى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىم 1971 - يىلى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بەلنى مەھكەم باغلاپ ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىرىك پىلانىنى تۈزدى، ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتىدىغان لايىھىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتتى. بۇ مەزگىلدە مەكتەپتە 25 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغىمۇ يەتمەيتتى. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئىسمايىل ئابدۇرېھىم بۇ خىل ھالەتكە قارىتا جىددىي تەدبىر بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۆستۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ، جانلىق ئىجرا قىلدى. ھەر ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىنى كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئورنىدا بىلىم ئاشۇرۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە بەزىلەرنى تۈركۈمگە بۆلۈپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى، قەشقەر مائارىپ ئىنىستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سەر خىل بولغان قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

# ئاغۇ يېزىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئىسمايىل ئابدۇرېھىمنىڭ تۆھپىسى

يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1971 - يىلى ئاغۇ يېزىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، ئاغۇ مەركىزىي (مازار) باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى بىر گەۋدە قىلغان مەكتەپكە ئايلاندى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر خىزمەت تەجرىبىسى مول، قابىلىيەتلىك ئىسمايىل ئابدۇرېھىمنى بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئىلگىرىكىدەك ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇشقا كىرىپ ئوقۇشتەك هالەتلەرگە خاتىمە بېرىلدى. ئىسمايىل ئابدۇرېھىم مەكتەپ مۇدىرى بولۇشتىن ئىلگىرى 1963 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1964 - يىلى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ توغراق كەنتىدە شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ، 1965 - يىلىغىچە باشقىلار يىراق كۆرۈپ بارمىغان يېزا مەركىزىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1965 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە قاتنىشىپ كۆپلىگەن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، مول ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان. 1967 - يىلى ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغاندى. ئۇ قايسى خىزمەتنى ئىشلىسۇن، نەگىلا

كۆچەتلەرنى تىكتى. مەكتەپ ئىچىگە يەنە ئېلىپىس شەكىللىك گۈللۈك بەرپا قىلىپ، رەڭگارەڭ گۈللەرنى پورەك ئاچقۇزدى. 1971 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە 50 تۈپتىن ئارتۇق ئارچا، ئون مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ھەرخىل كۆچەت تىكىلىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى 98% كە يەتتى. مەكتەپ مۇھىتىدا ئالاھىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا سېلىنىپ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغان سىنىپلىرىنى يېڭىلاشقا تەرەددۇت قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم دوكلات يوللىدى. ئۇنىڭ كۆپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن 1982 ـ يىلى ئون ئېغىزلىق يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى مەكتەپتە قەد كۆتۈرۈپ، خەتەرلىك سىنىپلاردا ئوقۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەجرىبە ئۆيى ھەم تەجرىبە سايمانلىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىسمايىل ئابدۇرېھىم يەنە يۇقىرى ـ تۆۋەنگە دوكلات يوللاپ تەجرىبىخانا سېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىمۇ، «ھازىر مەبلەغ يوق» دەپ رەت قىلىشلىرىمۇ ئۇنى زېرىكتۈرەلمىدى. ئاخىر يۇقىرى ئورۇنلار ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپ، 1983 ـ يىلى بىرلا ۋاقىتتا 200 ئوقۇغۇچى تەجرىبە مەشغۇلاتى ئېلىپ بارالايدىغان ئالتە ئېغىزلىق تەجرىبە بىناسى ھەم 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تەجرىبە سايمانلىرىنى ھازىرلاپ بەردى. نەتىجىدە فىزىكا ئوقۇتۇشىدا ھەر ئىككى ئوقۇغۇچىغا بىردىن، خىمىيە ئوقۇتۇشىدا ھەر تۆت ئوقۇغۇچىغا بىردىن تەجرىبە سايمىنى توغرا كېلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، ئوبلاست بويىچە

قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاپىرىپ، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش، دەرس تەييارلاش، ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1987 - يىلىغا قەدەر 100 ئادەم (قېتىم) تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى بەلگىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئون سائەت دەرس ئاڭلاپ، ئاندىن مۇنبەرگە چىقىش، تەييارلىقنى پۇختا قىلىش تەدبىرىنى بەلگىلىدى. ئوقۇش تارىخى ئالىي تېخنىكومدىن تۆۋەن بولۇپ، ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى بولمىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارغا خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ خىل سەۋىيىگە يېتىش تەدبىرىنى يولغا قويدى. 1990 - يىلىغىچە 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئىگە بولدى.

ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇلارنىڭ بىلىم ئىقتىدارى، دەرس ئۆتۈش مېتودىنى كۈنسايىن ئۆستۈرۈپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ياخشى ئۈنۈم بارلىققا كەلتۈردى. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزلىشىش نىسبىتى 75% تىن يۇقىرى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئىناۋىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتى كۈنسايىن ئاشتى. ئىسمايىل ئابدۇرېھىم يەنە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى گۈزەل مۇھىتقا ئىگە قىلىپ، مەكتەپنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھەر يىلى ئەتىياز مەزگىلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ مەكتەپ ئىچى - سىرتىغا تېرەك، مەجنۇنتال، سېدە قاتارلىق

نەتىجىدە ئۇقۇغۇچىلار ھەرقايسى كۇرۇژۇكلاردا ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ مول ئەمەلىي ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرى، ھۆسنخەت ـ رەسىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

نوقۇل ھالدا ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە زورلاۋېرىشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلاردا ھارغىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىزمەتتىن بىزار بولۇش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. ئىسمايىل ئابدۇرېھىم بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن خىزمەت، ئۆگىنىشنى تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھەرخىل ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇردى. ھەر مەۋسۇمدە ئىككى قېتىم سىنىپلار ئارا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، بىر قېتىم سەنئەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنى شاھمات مۇسابىقىسى، ھېيت ـ بايراملاردا كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشمە ئولتۇرۇشلىرىغا ئۇيۇشتۇردى. قوشنا يېزا مەكتەپلىرى بىلەن تەنتەربىيىدە دوستلۇق مۇسابىقىلىرىنى قەرەللىك ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە تۇركۇمگە بۆلۈپ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا ساياھەتكە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى، خىزمەت سىجىللىقى يۇقىرى بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىق بولۇش نىسبىتى 99% تىن ئېشىپ كەتتى.

يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مەبلىغى ئارقىلىقلا مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى تولۇق ھەل قىلىپ ئوقۇتۇش

تەجرىبە سايمانلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مەكتەپكە ئايلاندى. بىئولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەردە كۆرسەتمىلىك دەرس ئۆتۈش ھالىتى شەكىللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش شارائىتى ياخشىلاندى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى، قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يىلدا تۆت قېتىم، مەۋسۇمدە ئىككى قېتىم ئىلىم - پەننى ئىرىشىپ ئۆگىنىش، قانۇنغا ئائىتلىق رىئايە قىلىش، ساۋاقداشلار ئارا ئىناق ئۆتۈش، ئۇستازلارنى ۋە ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق تېمىلاردا يازما ماتېرىيال تەييارلاپ ئۇلارغا يەتكۈزدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىدىيە ساپاسىدا ئىجابىي قاراشلار كۆنسايىن بىخ سۈرۈپ دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان، مەكتەپ قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئائىتلىق رىئايە قىلىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى ھالەت شەكىللەندى. سەلبىي خاراكتېرنى ئالغان ۋەقە - ھادىسىلەردىن بىرسىمۇ سادىر بولمىدى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىم يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش، تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك شەكىلدىكى دەرستىن سىرتقى كۇرۇژۇكلارنى تەسىس قىلىپ، قابىل ئوقۇتقۇچىلارنى كۇرۇژۇكقا مەسئۇل قىلدى. «يېزىقچىلىق كۇرۇژۇكى»، «سەنئەت كۇرۇژۇكى»، «ھۆسنخەت كۇرۇژۇكى»، «خەنزۇ تىلى كۇرۇژۇكى»، «تەنتەربىيە كۇرۇژۇكى»، «رەسىم كۇرۇژۇكى» قاتارلىق كۇرۇژۇكلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ سورۇنىنى ھازىرلىدى.

ئىشلەتتى. بىر قىسمىنى «ئۇچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلارنى، ئىلغار سىنىپ مۇدىرلىرىنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلەتتى.

1980 - يىلىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئومۇملاشتۇردى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىمنىڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە قىران ۋادىسىدىكى بۇ مەرىپەت گۈلزارى كۆپ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يۈكسەك باھاسى ھەم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. بۇ مەكتەپ 1971 - يىلىدىن 1991 - يىلىغا قەدەر ئاتۇش شەھىرى بويىچە سەككىز قېتىم «ئوقۇتۇش سۈپىتى لاياقەتلىك مەكتەپ»، «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەندەكناملارغا، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەرىپىدىن ئون قېتىم «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» «مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامىلارغا ئېرىشىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى. شەھەر ۋە ئوبلاستىنىڭ نۇقتىلىق مەكتەپلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

1984 - يىلى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى گۇ مو بۇ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، مەكتەپنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يۇقىرى باھا بەردى. شۇ يىلى مەكتەپ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلارنى تەكشۈرۈپ باھالىشى بىلەن «ئاپتونوم رايون بويىچە تەجرىبە سايمانلىرى ئۆلچەمگە يەتكەن مەكتەپ» دېگەن

شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئىسمايىل ئابدۇرېھىم بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ئەتراپلىق ئويلىشىپ يېڭى كىرىم مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئۇ 1980 - يىلى يېزا رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاقاسلىقتىن 30 مو يەر ھەل قىلدى. يەنە كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن تاشلىقتىن ئون مو يەر ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، 15 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق جىگدە كۆچىتى تىكتى. ياخشى پەرۋىش قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئورۇندىكى كۆچەتلەر تېز ئەي بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇسى ھەل قىلىنغاندىن سىرت، ئاشقان قىسمى سېتىلىپ مەكتەپ مالىيىسىگە بەلگىلىك مىقداردىكى پۇل كىرىم قىلىنىپ تۇردى.

1982 - يىلى مەكتەپ سىرتىغا سەككىز ئېغىزلىق ئۆي سېلىنىپ، ھەر بىرىنى ئايلىقى ئۈچيۈز ئوتتۇز يۈەن ئىجارە تاپشۇرۇش بەدىلىگە باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1983 - يىلى «شەرق شامىلى» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ يىللىقىنى ئۈچ مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش توختامى بىلەن كۆتۈرە بەردى. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار يېڭى كىرىم مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش نەتىجىسىدە ئىلگىرى بىر تىيىنمۇ قوشۇمچە كىرىم مەنبەسى بولمىغان بۇ مەكتەپ 1988 - يىلغا كەلگەندە يىلغا ئون مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي كىرىم يارىتالايدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاشقا ئىشلەتتى. يەنە بىر قىسمىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يول كىراسىنى ھەل قىلىپ بېرىش، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم - كېچەك، دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بېرىشكە

بۇ مەكتەپ 1984 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە لاياقەتلىك ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۇرۇپ بېرىشتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بىر قىسىم مەكتەپلەر ئاغۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلدى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىم يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەچكە، ئۆزىمۇ 1971 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەرىپىدىن 25 قېتىم «مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ياخشى باشلامچى»، «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى»، «ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن ناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. كۆپ قېتىم ئوبلاست، شەھەردە ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىپ مائارىپ ئىشلىرىنى بىرلىكتە كېڭەشتى.

1989 - يىلى ئۇ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ جۇڭنەنخەيدە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

1991 - يىلى ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاتۇش شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

ئىسمايىل ئابدۇرېھىم مەكتەپ مۇدىرى بولغان 20 يىل ئاغۇ مائارىپى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان 20 يىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ %70 تىن كۆپرەكى تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. مەكتەپنىڭ ئىناۋىتى يىراق - يېقىنلارغا تونۇلۇپ هەقىقىي، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىلىم

شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. 1986 ـ يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې دۇڭچاڭ بۇ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مەكتەپنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يۇكسەك باھا بەردى ھەم ئۆز ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا ئىسمايىل ئابدۇرېھىمنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: «سىز ھەقىقەتەن ياخشى رەھبەر ئىكەنسىز، بۇ مەكتەپكە كىرگەن ھەرقانداق ئادەم گۈزەل مەنزىرىدىن مەمنۇن بولماي قالمايدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. شۇ يىلى مەكتەپ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

1988 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى، مەجبۇريي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەرگە لاياقەتلىك ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن رازى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان ئىسمايىل ئابدۇرېھىمغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. مەكتەپ شۇ يىلى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئىچىدىن يورۇقلۇققا يېتەكلىدى. بۇ تۆھپىكار ئۇستازلارنىڭ بەزىلىرى ھايات، بەزىلىرى ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاغۇ خەلقى ئۇلارنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامچىغان مەرىپەت كەۋسەرلىرى ئەۋلادلارنىڭ تومۇرىدا مەڭگۇ دولقۇن ياساپ ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە داۋام قىلىدۇ.

بۇ تۆھپىكار باغۋەنلەرنىڭ قولىدىن يولداش يۈسۈپ، مۇلۇك ھاجى، سېيىت سوپى، ئابدۇقادىر مەھەممەت، ئۆمەر روزى، ئىبراھىم خالۋاي، قۇربان بارات، ئابدۇقادىر ئىمىن، رەجەپ تاجى، توختى موللاتاجى، بەختى روزى، مەخسۇم مۇھەممەت، ئابلەت ھوشۇر، ساۋۇت نۇر، تۇرنىسا توختى، توختى قاسىم، ئابلەت سادىر، تۇخان ئەمەت، ئىمام نامەت، مەھەممەت نۇر، سالمان ئابدۇرېھىم، سىدىقجان تۇردى، ئابلىز رازاق، كۆرەش رەجەپ، يالقۇن روزى، ئابدۇقادىر ماموت، ئابدۇرېھىم ئوسمان، ئابدۇقېيۇم تاھىر، تۇرسۇن ئېلى، سالمان تاجى، سەپەر تاش، سېيىت سىدىق، ھاكىم ئۆمەر، ياسىن ئۆمەر، دىلنۇر تاجى، ئىسرائىل سالمان قاتارلىق ئاتاقلىق رەھبەرلەر، ئىلىم - پەن خادىملىرى، سەنئەتكارلار، يازغۇچى - ئالىملار، يۇرت سۆيەر ئوغلانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى ھەم قوشۇۋاتىدۇ.

باغچىسى دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ 20 يىلدا ئاغۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاغۇ يېزىسىدىكى ھەر ئون ئادەمنىڭ بىرى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

ئەقلى سەگەك ھەرقانداق بىر ئاغۇ خەلقى ئىسمايىل ئابدۇرېھىم مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەزگىلدە مائارىپ ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن سۆيۈنمەي قالمايدۇ، ئىسمايىل ئابدۇرېھىمدەك ئوت يۈرەك، يۇرت سۆيەر ئەزىمەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئاققۇزغان تەرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. گەرچە ئۇ ھازىر مەكتەپ مۇدىرى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يالقۇنلۇق روھى بار. ئاغۇ خەلقى ئۇنى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك «ئىسمايىل شوجاڭ» دەپ ئاتىشىدۇ ھەم شۇنداق ئاتاشقا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇ ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن چىن ئىنسان.

ئاغۇ يېزىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا يەنە پاتىمە شېرىپ، نۇرىمان ھاۋاز، سۇلايمان مۇھەممەت، نۇرىمان ئابدۇرېھىم، قۇربانتاي، رەجەپ تاجى، ئىسلامخان، بۇۋىئايشەم ئىبراھىم، ھوشۇر قادىر، توختى قاسىم، مەرۋانىخان ئابدۇراخمان، ئەخەت تاجى، قۇدرەت نۇرۇللا، مۇلۇك، گۈلىستان، مىجىت ھامۇت، زورىخان ئۆمەر قاتارلىق ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى تەقدىم قىلىپ، بىلىمگە تەشنا سەبى دىللارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت مەشئىلىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق

بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇللار 1845 نەپەر، قىزلار 1687 نەپەر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانى ئاغز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 24.5% نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلار سانى 230 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 113 نەپىرى ئەر، 117 نەپىرى ئايال. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 19 نەپەر، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 102 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار 90 نەپەر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 90% كە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 100% كە يەتتى (يۇقىرىقى سانلار 2000 ـ يىللىق مەلۇماتنى ئاساس قىلدى). بۇ جەڭگىۋار قوشۇن ئورتاق نىشان، ئورتاق مەقسەتتە كۈچ ئۇلاپ 21 ـ ئەسىرگە دادىل قەدەملەر ئېلىپ، يېڭىچە، زامانغا لايىق مائارىپ مېلودىيىسى ياڭرىتىش ئۈچۈن، ساپا مائارىپى، نىشانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا.

# ئاغۇ يېزىسىنىڭ ھازىرقى مائارىپ قۇرۇلمىسى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

ئاغۇ خەلقىنىڭ مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك قىلىش ئارزۇسىنىڭ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ يېزىنىڭ ھەرقايسى كەنت - مەھەللىلىرىگە يېڭىدىن مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بەردى. 1954 - يىلى كىچىك ئاچچىققا، 1973 - يىلى تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىگە، 1989 - يىلى لەنگەر، توغراق، ياقا ئاچچىق قاتارلىق كەنت - مەھەللىلەرگە ئازادە يېڭى مەكتەپلەر سېلىپ، يۇرت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەش ئارزۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1999 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 500 يۈرۈشتىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 3000 يۈرۈشتىن ئارتۇق ھەرخىل ژانىردىكى كىتابنى ھەقسىز بەردى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەردە كۇتۇپخانا بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

ھازىر ئاغۇ يېزىسىدا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 3432 نەپەر بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 2239 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1193 نەپەر.

## 2. يامغۇر ئاپىتى (كەلكۈن ئاپىتى)

ئاغۇدا ئىككى قېتىم زور دەرىجىدە يامغۇر ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. بىرىنچى قېتىملىقى 1944 - يىلى ئىيۇندا يۈز بەرگەن. بۇ مەزگىلدە يامغۇر ھەددىدىن زىيادە كۆپ ياغقاچقا، كەلكۈن كېلىپ ئون ئائىلىنى ۋە 200 مو يەردىكى بۇغدايىنى ئېقىتىپ كەتكەن. يەنە بىر قېتىملىقى 1951 - يىلى 8 - ئايدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىم ياغقان يامغۇر بىر ھەپتىگىچە توختىمىغان. نەتىجىدە غايەت زور كەلكۈن ھاسىل بولۇپ، خامانلاردىكى چەشلەنگەن بۇغدايلارنى ئېقىتىپ كېتىپ، سامانلارنى سېسىتىۋەتكەن. بۇ ئىككى قېتىملىق ئاپەت ئاغۇ يېزا خەلقىنى ئاچارچىلىقتا قويۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جاپپار موللام 1944 - يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە ۋاپات بولغان.

## 3. چېكەتكە ئاپىتى

ئاغۇدا 1954 - يىلى چېكەتكە ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ، خەلق ئاممىسىغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرگەن. ھەممە ئادەم سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بۇ زىيانداشنى يوقىتىشقا ئاتلانغان، ھەتتا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق چېكەتكىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، زور ئاپەت يۈز بېرىشنىڭ

# ئاغۇ يېزىسىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر توغرىسىدا

ئاغۇ يېزىسىدا بىرقانچە قېتىم زور تەبىئىي ئاپەتلەر، قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. قانچىلىغان نارەسىدە قىز ـ يىگىتلەر، بىگۇناھ كىشىلەر ئاشۇ رەھىمسىز بالايىئاپەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتلەرنى قالدۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغان.

## 1. يەر تەۋرەش ئاپىتى

ئاغۇدا 1889 ـ يىلى ۋە 1902 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، بىرمۇ ئۆي ساق قالماي ئۆرۈلۈپ كەتكەن. بەش ئادەم تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن. بىر ئادەم يېرىلغان يەر قېتىغا كىرىپ كەتكەن. بۆشۈكتە ياتقان بەش بوۋاق چالمىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ساق قالغان. ئويكوچىدىكى مەتنىياز ھاجىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت چالمىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ساق قالغان. كېيىنچە ئاغۇلۇقلار بۇ ئادەمنى ئىسمى بىلەن ئاتىماي، «چامەك» دەۋالغان. بۇ ئادەم يېقىندا غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

قىسىملىرى ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ جىرىملا مەھەللىسىدە قونىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇن بىر - بىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. ئەتىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلغان قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرى ئاتۇش تېجەنلىك كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ بىلەن توختى لىيەنجاڭلار جىرىملىققا كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا ئاغۇدا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ بارلىقىنى، ئەسكەر سانىنىڭ ئازلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ كىچىك يۇرت ئىكەن، ئۇرۇش بولسا خەلققە مالامەت يېتىپ قالمىسۇن، ھازىرغىچە ئۇلارنى تىرىك قالدۇرايلى، دەيدۇ- دە، ئات - ئۇلاغلارغا ئوق - دورا، تەمىناتلىرىنى ئارتىپ كېچىلەپ كۆكتام تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ.

لېكىن، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ رۇخسىتىسىزلا تاڭ ئاتقۇچە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى چۈشكەن ئۆينى قورشىۋېلىپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. تېزلا غەلىبە قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ ساق قالغان بىرقانچە ئەسكىرى ئاتۇشقا قېچىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى قىسىمغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار تېزلا يېتىپ كېلىدۇ. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ۋە توختى لىيەنجاڭلار كۆكتامغا چېكىنىدۇ.

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى قوغلاپ جىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىلارغا ئۇچراپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى تاغلىق رايونلاردا سوقۇش قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، دۈشمەن قىسىملىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قوماندانى ئۆلۈپ (ما جەنساڭ) چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ چېكىنگەن قىسىملىرى دەردىنى بۇ يۇرتنىڭ خەلقىدىن ئالماقچى بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ،

ئالدىنى ئالغان.

## 4. قارا كېزىك كېسەللىك ئاپىتى

1946 ــ يىلى ئاغۇدا قارا كېزىك كېسەللىكى تارقىلىپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالغان. نۇرغۇن ئادەم هاياتىدىن ئايرىلغان. ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىراق بەزى كىشىلەر قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالىنىش ئارقىلىق هاياتىنى ساقلاپ قالغان.

## 5. خوجىنىياز هاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنى

1934 ــ يىلى يانۋاردا خوجىنىياز هاجى قەشقەرگە يېتىپ بېرىپلا، ما جەنساڭ قىسىملىرىغا هۇجۇم قوزغايدۇ. ئۇرۇش خېلى كۈن داۋام قىلىدۇ. شۇ ئەسنادا ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ما فۇيەن قىسىملىرى ۋە ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەن ما جۇڭيىڭ قىسمى بىرلىشىپ، خوجىنىياز هاجىغا هۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، خوجىنىياز هاجى ئەسكەر، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ ئاغۇ يېزىسىنىڭ توغراق كەنتىدىكى جىلغىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ كۈنى ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار مەلۇم بىر كىشىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن خوجىنىياز هاجىنىڭ ئاغۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرهال ئاتلىنىپ، ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئارا مەهەللە كەنتىدىكى قابىلباي بىلەن بورانباينىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. دەل شۇ چاغدا خوجىنىياز هاجى ۋە ئۇنىڭ

# ئاغۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى تەۋەلىكى

ئاغۇ بۇرۇندىن تارتىپ ئالتىن (ئاستىن) ئاتۇش قەيەرگە باج - خىراجەت تاپشۇرسا شۇ ئورۇنغا باج - خىراجەت تاپشۇرۇپ كەلگەن.

بۇ يەر خەن دەۋرىدىن بۇرۇن غەربىي سۇلى دۆلىتىگە (قەشقەرگە) قاراپ كەلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە خانلىقنىڭ شىكار مەيدانلىرىدىن بىرى بولغان. چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە بۇ خانلىققا تەۋە بولغان. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ۋە پەيزىئاۋات ناھىيىلىرىگە تەۋە بولغان.

1938 - يىلى ئاتۇشتا باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندا ئاغۇ ئاتۇش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تەۋە بولغان.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ياقۇپبەگ دەۋرىدە يەنى 1876 - يىلى ئاغۇدا 300 تۇتۇنلۇك ئاھالە بولۇپ، ھۆكۈمەتكە خىراجەت ئۈچۈن 48 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇراتتى.

2000 - يىلىغا كەلگەندە، ئاغۇنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 2800 ئائىلىدىن ئاشتى.

ئۆيلەرگە ئوت قويىۋېتىدۇ. نۇرغۇن ئات، كالا، قويلارنى بۇلاپ ئاتۇشقا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە يۇقىرىقى مەھەللە كەنتىنىڭ ھاسا (ئاسا) مەھەللىسىدىنلا 20 ئادەمنى قاتار قىلىپ ئېتىۋەتكەن.

ما فۇيۈەن خوجىنىيازنى تىرىك تۇتۇش مەقسىتىدە نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىدۇ. 3 - كۈنى يەنە ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ يۈز بېرىدۇ. بۇ نۆۋەتمۇ ما فۇيۈەن قىسىملىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ چېكىنگەن، ئاغۇدا بىر كۈن قونۇپ بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مال - چارۋىلىرىنى بۇلىغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئەتىسى بۇ قىسىم جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتكەندە خەلق بىر ئاز خاتىرجەم بولغان. 1934 - يىلى باھار پەسلىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇرتتا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن.

بۇ قېتىمقى قانلىق ئۇرۇشنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن زور بالايىئاپەتلىرىنى ھازىرمۇ يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى تولۇق بىلىدۇ ھەم شۇ ۋەقەنى «تۇڭگان يېغىلىقىدا»، «تۇڭگان كەلگەندە» دەپ ۋاقىت ھېسابلاش بەلگىسى قىلىدۇ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 9 | ئابلىمىت بارات | 1958 - 9 - | | ئوتتۇرا مەكتەپ 1-دەرىجە | 1991 - يىلى |
| 10 | تۇخان ھېيت | 1959 - 9 - | | باشلانغۇچ مەكتەپ 1-دەرىجە | 1992 - يىلى |
| 11 | تۇردى قۇربان | 1959 - 9 - | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1994 - يىلى |
| 12 | ۋايىت قادىر | 1959 - 9 - | | ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1992 - يىلى |
| 13 | سېتىۋالدى تاجى | 1960 - 4 - | | باشلانغۇچ مەكتەپ 1-دەرىجە | 1991 - يىلى |
| 14 | نۇرىمان ھاۋاز | 1960 - 9 - | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1994 - يىلى |
| 15 | نۇرنىسا غوپۇر | 1960 - 9 - | | | |
| 16 | ئەخەت تاجى | 1963 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1998 - يىلى |
| 17 | غەزىنىخان ھېيت | 1963 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1994 - يىلى |
| 18 | مامۇت جاپپار | 1963 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1994 - يىلى |

# ئاغۇ مائارىپىدا 30 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان مائارىپچىلار

| № | تۈرلەر / ئىسمى | خىزمەتكە چىققان ۋاقتى (يىل، ئاي) | سىياسىي قىياپىتى | كەسپىي ئۇنۋانى ياكى كەسپى | ئىزاھات (خىزمەتتىن ئايرىلغان ۋاقتى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | سىدىق ھەسەن | 1940 - | | | 1988 - يىلى |
| 2 | تاجىخان يۈسۈپ | 1943 - 9 - | | | 1981 - يىلى |
| 3 | ئابدۇشۈكۈر راخمان | 1954 - 9 - | | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1991 - يىلى |
| 4 | ئامىگۇسۇن ئىسلام | 1955 - 9 - | | باشلانغۇچ مەكتەپ 1ـ دەرىجە | 1989 - يىلى |
| 5 | يۈسۈپجان قادىر | 1958 - 9 - | پارتىيە ئەزاسى | ئوتتۇرا مەكتەپ 1-دەرىجە | 1996 - يىلى |
| 6 | نۇرنىسا ھۇسەن | 1958 - 9 - | پارتىيە ئەزاسى | | |
| 7 | ئارىپ بارات | 1958 - 9 - | | ئىشچى | 1989 - يىلى 9 - ئاي |
| 8 | مەرۋانىخان راخمان | 1958 - 9 - | | | 1988 - يىلى |

## ئاغۇ يېزىسىدا ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر-نىڭ ئاددىي ئارخىپى (1)

| № | ئىسمى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يىلى | ئايدىن | يىلى | ئايغىچە |
| 1 | ھەسەنجان ھاشىم | رايون باشلىقى | 1950 | 4 | 1950 | 9 |
| 2 | ئابدۇكېرىم ئوسمان | رايون باشلىقى | 1950 | 9 | 1953 | 6 |
| 3 | ساۋۇت ئابدۇرېھىم | رايون باشلىقى | 1953 | 12 | 1955 | 1 |
| 4 | غۇلام ھاجى | رايون باشلىقى | 1955 | 1 | 1955 | 5 |
| 5 | تىلىۋالدى توختى | مۇئاۋىن رايون باشلىقى | 1952 | 6 | 1953 | 5 |
| 6 | غۇلام ھاجى | مۇئاۋىن رايون باشلىقى | 1953 | 6 | 1955 | 1 |
| 7 | تىلىۋالدى توختى | خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلىقى | 1955 | 5 | 1957 | 10 |
| 8 | تاجى ئېلى | خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلىقى | 1957 | 10 | 1958 | 9 |
| 9 | تۇرسۇن مەھەممەت | مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى | 1955 | 5 | 1957 | 9 |
| 10 | ئابابەكرى ئارىپ | گۇڭشې باشلىقى | 1959 | 8 | 1965 | 4 |
| 11 | يۇسۇپ ئىسمايىل | گۇڭشې باشلىقى | 1958 | 9 | 1959 | 8 |
| 12 | بوساق مەتنىياز | گۇڭشې باشلىقى | 1965 | 4 | 1966 | 5 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 19 | ياقۇپ ھېلىم | 1965 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1997 - يىلى |
| 20 | تەلئەت قېيۇم | 1968 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | مەكتەپ مۇدىرى |
| 21 | گۈلنىسا سىدىق | 1971 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 2000 - يىلى |
| 22 | ئىسمايىل ئەمەت | 1971 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | ئوتتۇرا مەكتەپ 1- دەرىجە | مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى |
| 23 | ئىسمايىل ئابدۇرېھىم | 1971 - يىلى | پارتىيە ئەزاسى | ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 1999 - يىلى |

(يۇقىرىقى مەلۇماتنى ئاغۇ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى تەييارلاپ بەرگەن)

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 28 | مەھەممەت سىدىق | مۇئاۋىن مۇدىر | 1969 | 9 | 1976 | 10 |
| 29 | ئابابەكرى ئارىپ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 10 | 1976 | 11 |
| 30 | توختى ئىمىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 11 | 1980 | 12 |
| 31 | بارات توختەم | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 10 | 1978 | 8 |
| 32 | مەھەممەت سىدىق | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 10 | 1977 | 4 |
| 33 | بوساق مەتنىياز | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 10 | 1980 | 12 |
| 34 | ئابابەكرى ئارىپ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 11 | 1980 | 12 |
| 35 | ھاكىم ئۆمەر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1976 | 11 | 1980 | 9 |
| 36 | تىلىۋالدى تۇردى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1978 | 7 | 1980 | 12 |
| 37 | ھاكىم ئۆمەر | گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى مۇدىرى | 1980 | 12 | 1984 | 5 |
| 38 | بوساق مەتنىياز | مۇئاۋىن مۇدىر | 1980 | 12 | 1981 | 7 |
| 39 | ئابابەكرى ئارىپ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1980 | 12 | 1984 | 5 |
| 40 | ئەبلى تاجى | مۇئاۋىن مۇدىر | 1980 | 12 | 1984 | 5 |
| 41 | ھاكىم ئۆمەر | يېزا باشلىقى | 1984 | 7 | 1987 | 10 |
| 42 | ئەبلى تاجى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1984 | 7 | 1987 | 10 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 13 | ئابابەكرى ئارىپ | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1958 | 9 | 1959 | 8 |
| 14 | نۇر ئابباس | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1958 | 9 | 1959 | 2 |
| 15 | تاھىر ھوشۇر | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1959 | 4 | 1962 | 4 |
| 16 | تۇرسۇنخان ئوسمان | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1961 | 8 | 1963 | 5 |
| 17 | بارات توختەم | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1963 | 11 | 1966 | 5 |
| 18 | ھوشۇر تاش | موئاۋىن گوڭشې باشلىقى | 1964 | 11 | 1966 | 5 |
| 19 | دەن گوڭكەي | گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى باشلىقى | 1968 | 9 | 1970 | 10 |
| 20 | بوساق مەتنىياز | گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى مۇدىرى | 1970 | 12 | 1974 | 2 |
| 21 | ئابابەكرى ئارىپ | گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى مۇدىرى | 1974 | 2 | 1976 | 10 |
| 22 | جاڭ گوماۋ | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1970 | 12 |
| 23 | تىلىۋالدى تۇردى | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1970 | 12 |
| 24 | بوساق مەتنىياز | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1970 | 12 |
| 25 | ئىسرائىل رېھىم | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1970 | 4 |
| 26 | بارات توختەم | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1976 | 10 |
| 27 | ھوشۇر تاش | موئاۋىن مۇدىر | 1968 | 9 | 1972 | 6 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 58 | گاۋ خۇگبىن | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1997 | | 1998 | 3 |
| 59 | ئابدۇۋەلى روزى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1998 | 3 | 2000 | 1 |
| 60 | تۇرسۇنجان ئابدۇرېشىت | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1998 | 3 | 1999 | 1 |
| 61 | پەيزۇللا قۇربان | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1998 | 3 | | |
| 62 | ئېلى تاجى | خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى | 1998 | 3 | 1999 | 1 |
| 63 | ئىسرائىل سالمان | يېزا باشلىقى | 1998 | 2 | 1999 | 1 |
| 64 | ئىسرائىل سالمان | خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى | 1999 | 1 | | |
| 65 | سەمەت قادىر | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1999 | 1 | 2000 | 1 |
| 66 | شيا كېجىن | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1999 | | 2001 | |
| 67 | سەمەت تاش | خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى | 2000 | 3 | | |
| 68 | مۇختەر مىجىت | يېزا باشلىقى | 1999 | 2 | | |
| 69 | پولات ھەسەن | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 2000 | 3 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 43 | ئىسرائىل سالمان | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1987 | 7 | 1996 | 1 |
| 44 | ھاكىم ئۆمەر | يېزا باشلىقى | 1987 | 10 | 1988 | 4 |
| 45 | ئېلى تاجى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1987 | 10 | 1988 | 4 |
| 46 | ئېلى تاجى | يېزا باشلىقى | 1988 | 4 | 1995 | 2 |
| 47 | ئۆمەر مۇلۇك | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1990 | 3 | 1991 | 10 |
| 48 | ئۆمەر مۇلۇك | يېزا باشلىقى | 1995 | 3 | 1998 | 3 |
| 49 | ئادىل تۇردى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1992 | 4 | 1994 | 2 |
| 50 | ئىسلاجان تىلىۋالدى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1993 | 3 | 1999 | 1 |
| 51 | ئابلىكىم ئابباس | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1996 | 1 | | |
| 52 | لى جىشيۇك | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1990 | 3 | 1994 | 2 |
| 53 | يۇسۇپجان بۇرھان | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1995 | 3 | 1996 | 1 |
| 54 | ئەنۋەر توختى | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1996 | 3 | 1998 | 3 |
| 55 | تۇردى مەھەممەت | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1996 | 1 | | |
| 56 | توختى قاسىم | خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى | 1990 | 3 | 1998 | 3 |
| 57 | چىن جۇن | مۇئاۋىن يېزا باشلىقى | 1996 | | 1998 | 3 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 13 | دەن گۇڭكەي | شۇجى | 1966 | 5 | 1972 | |
| 14 | جاڭ گۇماۋ | مۇئاۋىن شۇجى | 1966 | 5 | 1970 | 12 |
| 15 | جاڭ گۇماۋ | شۇجى | 1970 | 12 | 1972 | 12 |
| 16 | چىن گۇەنجىڭ | شۇجى | 1972 | 12 | 1980 | 11 |
| 17 | تىلىۋالدى تۇردى | مۇئاۋىن شۇجى | 1970 | 12 | 1976 | 10 |
| 18 | شۇ زىمىن | مۇئاۋىن شۇجى | 1971 | 7 | 1974 | 8 |
| 19 | توختى ئىمىن | شۇجى | 1980 | 11 | 1984 | 5 |
| 20 | توختى قاسىم | مۇئاۋىن شۇجى | 1976 | 10 | 1980 | 5 |
| 21 | توختى قاسىم | مۇئاۋىن شۇجى | 1980 | 11 | 1990 | 6 |
| 22 | خەلىچىخان تاجى | مۇئاۋىن شۇجى | 1976 | 10 | 1980 | 11 |
| 23 | ھاكىم ئۆمەر | مۇئاۋىن شۇجى | 1980 | 7 | 1980 | 11 |
| 24 | ئابدۇكېرىم مەمتىلى | شۇجى | 1984 | 7 | 1988 | 8 |
| 25 | جۇ ۋېنشىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1984 | 7 | 1988 | 8 |
| 26 | سۇلايمان يۇسۇپ | مۇئاۋىن شۇجى | 1986 | 7 | 1991 | 11 |
| 27 | كەنجى مامۇت | ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى | 1988 | 9 | 1991 | 10 |

# ئاغۇ يېزىسىدا ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر-
# نىڭ ئاددىي ئارخىپى (2)

| № | ئىسمى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يىلى | ئايدىن | يىلى | ئايغىچە |
| 1 | زو شۆين | شۇجى | 1950 | 9 | 1954 | 11 |
| 2 | ساۋۇت ئابدۇرېھىم | شۇجى | 1954 | 9 | 1955 | 5 |
| 3 | ساۋۇت ئابدۇرېھىم | شۇجى | 1955 | 5 | 1957 | 10 |
| 4 | دەن گۆڭكەي | شۇجى | 1958 | 9 | 1960 | 9 |
| 5 | ما شۆين | شۇجى | 1960 | 9 | 1964 | 4 |
| 6 | دەن گۆڭكەي | شۇجى | 1964 | 2 | 1966 | 5 |
| 7 | مەھەممەت تۇردى | مۇئاۋىن شۇجى | 1959 | 2 | 1960 | 12 |
| 8 | لۇ چيەنمىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1959 | 8 | 1961 | 7 |
| 9 | گاۋ جىنشىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1961 | 7 | 1962 | 4 |
| 10 | تاھىر ھوشۇر | مۇئاۋىن شۇجى | 1962 | 4 | 1963 | 4 |
| 11 | موللاۋۇلا مېھمان | مۇئاۋىن شۇجى | 1963 | 5 | 1964 | 11 |
| 12 | بوساق مەتنىياز | مۇئاۋىن شۇجى | 1963 | 11 | 1966 | 5 |

## ئىزاھات

1950 - يىلى 9 - ئايدا ج ك پ ئاتۇش ناھىيىلىك ئاغۇ 4 - رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلغان. 1955 - يىلى 5 - ئايدا رايونلۇق كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىۋاستە قاراشلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدا ئاغۇ خەلق گۇڭشېسى پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلغان. 1984 - يىلى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 28 | جۇ ۋېنشىڭ | شۇجى | 1988 | 9 | 1991 | 11 |
| 29 | لۇ شىڭئەن | شۇجى | 1991 | 11 | 1995 | 3 |
| 30 | ئۆمەر مۇلۇك | مۇئاۋىن شۇجى | 1991 | 11 | 1995 | 3 |
| 31 | ئابلىكىم ئابباس | ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى | 1991 | 11 | 1995 | 3 |
| 32 | خەن شىمىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1995 | 3 | 1996 | 3 |
| 33 | ۋەلى مامۇت | ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى | 1995 | 3 | 1997 | 3 |
| 34 | ئېلى تاجى | شۇجى | 1995 | 3 | 1998 | 3 |
| 35 | ئىسرائىل سالمان | مۇئاۋىن شۇجى | 1996 | 1 | 1997 | 3 |
| 36 | ۋاڭ لياڭسېن | مۇئاۋىن شۇجى | 1997 | 1 | 1997 | 8 |
| 37 | مۇختەر مىجىت | ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى | 1997 | 3 | 1998 | |
| 38 | ۋەلى مامۇت | مۇئاۋىن شۇجى | 1997 | 3 | 2000 | |
| 39 | چۈي شۈيى | شۇجى | 1998 | 3 | 2000 | 8 |
| 40 | گاۋ خۇڭبىن | مۇئاۋىن شۇجى | 1998 | 3 | 2000 | |
| 41 | جۇ مېيشيۇڭ | شۇجى | 2000 | 1 | | |

15. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
16. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»
17. ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»
18. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»
19. ۋ . گ . يان: «چىڭگىزخان»
20. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
21. «مۇقام پېشىۋالىرى»
22. سۈبى ھېدىن: «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»
23. «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»
24. مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللار



[library stamp]

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»
2. سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»
3. ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»
4. كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»
5. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»
6. سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»
7. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى» (ماقالە)
8. يالقۇن روزى: «تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار» (ماقالە)
9. ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن بىرلىكىگە قوشقان تۆھپىسى» (ماقالە)
10. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»
11. ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى باستۇرغان «ئاتۇش تەزكىرىسى» (1991 - يىلى نەشرى)
12. كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»
13. شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»
14. ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»

مەسئۇل مۇھەررىر: بارىجان، رەنا ئابلەت
مەسئۇل كوررېكتور: ئارزۇگۇل كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# تارىخي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار

ئاپتورى: سىدىق ھەسەن، ئەسقەر ھوشۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 7.375 قىستۇرما ۋارىقى: 24
2002 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN7—228—06931—5/K·981
باھاسى: 15.00 يۈەن



## ئاپتور ئەسقەر ھوشۇر

ئەسقەر ھوشۇر 1969 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1987 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 1990 ـ يىلىغىچە 3 يىل خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاغۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات تولۇق كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

ئەسقەر ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتى 1989 ـ يىلىدىن باشلانغان بولۇپ ھازىرغا قەدەر ھەر خىل ژانىردىكى 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «21 ـ ئەسىردىكى ئوقۇتقۇچىلارغا سۆز» ناملىق كىتابى، 2001 ـ يىلى «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن) نەشر قىلىنغان.